# شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنىلى

## ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

1988

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى ☆ شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى
(پەلسەپە ـ ئىجتىمائى پەن قىسمى) تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى
پەسىللىك ژورنال
1983 ـ يىل 2 ـ سان ئومۇمى 14 ـ سان

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ماركسىزم ــ نۇرلۇق ماياك ........................ مەترۇزى ھېيت ( 1 )
ماركسىنىڭ ئەسەرى ــ «كاپىتال» ۋە سوتسىيالىستىك سىياسى ئىقتىسات
توغرىسىدا ......................................... باۋدۇنچۈەن ( 10 )
ئادىل ساقى تەرجىمىسى
پەنشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زورۇرلۇگى توغرىسىدا
....................................... زارىپ دۆلەت ( 29 )
تارىخ تەتقىقاتىدا مىللى باراۋەرلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم
.................................................... لى سۇكىاۋ ( 44 )
مويىدىن تەرجىمىسى
ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائى ئورنى ۋە رولى
........................................ غەيرەتجان ئوسمان ( 56 )
مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا
.................................................. رەجەپ يۈسۈپ ( 74 )
فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا
.......................................... نىمۇتوللا ئەبەيدۇللا ( 87 )
ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا
.................................................. سالى خۇدابەردى (113)
باللار تەربىيىسى ۋە باللار ئەدەبىياتى ......................... تۇرسۇن قۇربان (122)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى
توغرىسىدا ................................................ ئارسلان ئابدۇللا (135)
جۈملە تەھلىل قىلىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى ........ راخمان خانباباييۋ (148)
ھىجرىيە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ..... (161)

# 目　　录


1.马克思主义是灿烂的灯塔…………………………………………………买买提肉孜（1）

2.试论马克思《资本论》与社会主义政治经济学……………………………鲍敦全（10）

3.论学习和研究科学学的必要性………………………………………扎热甫·都拉提（29）

4.坚持历史研究中的民族平等原则……………………………………………李松茂（44）

5.维吾尔族妇女在历史上的社会地位及其作用……………………艾来提江·乌斯曼（56）

6.穆哈买德·斯底克·再利力生平及其创作活动……………………热杰甫·玉素甫（74）

7.甫尔凯提在新疆的生活及其创作活动…………………………那曼吐拉·艾拜图拉（87）

8.形象思维及其特征…………………………………………………沙利·胡达拜尔地（113）

9.儿童教育与儿童文学…………………………………………………吐尔逊·库尔班（122）

10.论现代维吾尔语数的级的范畴……………………………………阿尔斯兰·阿不都拉（135）

11.分析句子的几种方法…………………………………………………热合曼·汗巴巴尤夫（148）

12.回历与公历对照表……………………………………………………………………（161）

**新疆古今** 吐鲁番伯孜克里克千佛洞…………………………………冯斐摄影（封底）

www.uyghurkitap.com

# ماركسىزم — نۇرلۇق ماياك

(ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

مەتروزى ھېيت

بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ماركسىزمنىڭ ئاساسچىسى، پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ۋە داھىيسى ماركس ۋاپات بولغانلىقىغا توپ - توغرا 100 يىل تولغان كۈن. بۇ 100 يىل ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ نۇرلۇق ماياك پۈتۈن دۇنيادا تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقان 100 يىل بولدى؛ ماركسىزم ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشكەن، سىنالغان، بېيىغان، راۋاجلانغان ۋە غەلىبە قىلغان 100 يىل بولدى. 100 يىلدىن بۇيان مۇشۇ نۇرلۇق ماياكنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۈرەش قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالغان ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان پۈتۈن دۇنيادىكى پۈرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ نىجاتكارىنى چىن قەلبىدىن سېغىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ!

## ماركسىزمنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى

كارل ماركس 1818 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پرۇسسىيىنىڭ سانائەت بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان رېيىن ئۆلكىسىنىڭ تېرىر شەھىرىدىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان، 18 - ئەسىردىكى فرانسىيە مەرىپەتچىلىرىگە ئەقىدە قىلىدىغان ئادۋوكات ئىدى. ماركس 1835 - يىلى 17 يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئۇ شۇ چاغدىلا مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ماھىر، ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە، ئۇلۇغ ئىرادىلىك ياش بولۇپ قالغان ئىدى.

ماركس 1835 - يىلى بونن داشۆبىسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى. بىر يىلدىن كېيىن ئالمىشىپ بېرلىن داشۆبىسىنىڭ قانۇن پاكولتېتىغا كىرىپ، قانۇنشۇناسلىقنى ئۆگەندى. لېكىن ئۇ ئاساسىي زېھنىنى پەلسەپە بىلەن تارىخ تەتقىقاتى ئۈستىگە قويدى. بولۇپمۇ، شۇ چاغدا بېرلىن داشۆبىسىدە راسا دەۋر سۈرۈۋاتقان گېگېل پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كىرىشىپ كەتتى. ئەمەلىي پائالىيەتكە ئىشتىۋار بىلەن قارىدى، تىرىشىپ پەلسەپىنى ئەمەلىي كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈردى. ماركسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى خىزمەت، خىزمەتنىڭ ئۆزى كۈرەشتىن ئىبارەت بولدى.

ماركس 1841 - يىلى پەلسەپە دوكتورى ئۇنۋانى بىلەن داشۆبىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بونن داشۆبىسىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقچى بولغان ئىدى، پرۇسسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەي، يېزىقچىلىق ۋە مەتبۇئات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ماركس 1842 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ «رېيىن» گېزىتىدە باش تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردە، كەلگەن ماقالىلارنى كورۇش ۋە گېزىت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي خىزمەت ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى مەسىلىلەر بىلەن كەڭ كولەمدە ئۇچراشتى. ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلارنىڭ ۋە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ماددى مەنپەئەتى مەسىلىسىگە يېقىنلاشقانسېرى، بۇ ئۇنىڭ تەبىئىي ھالدا ماتېرىيالىزمغا ۋە كوممۇنىزمغا شۇنچە يېقىنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇ چاغلاردا ماركس ئىدېيالىزمدىن ماتېرىيالىزمغا، ئىنقىلابىي دېموكراتىزمدىن كوممۇنىزمغا قاراپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

ماركس 1843 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، «رېيىن» گېزىتى تەھرىر بولۇمىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ماركس سوتسىيالىزم ھەركىتى بىلەن ئىشچىلار ھەركىتى خېلى تەرەققى قىلغان فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژغا كەلدى. بۇ جاي ماركس ئۈچۈن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەپلىك ئىدى. ئۇ ئىشچىلار تۇرىدىغان رايوندا ئولتۇراقلاشتى، دائىم ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ۋە كۈرەش ئەھۋالىنى ئوقۇپ تۇردى. ئىشچىلارمۇ ماركسنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى، ئۇلار ماركس بىلەن تۈن يېرىمىغىچە پاراڭلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركس يەنە فرانسىيىدىكى دېموكراتىزمچىلار ۋە سوتسىيالىزمچىلار بىلەن، گېرمانىيىلىك سەرگەردانلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى — ئادالەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ۋە فرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ يولباشچىلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى ھەمدە فرانسىيە، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ يىغىلىشلىرىغا دائىم قاتنىشىپ تۇردى.

ماركس ئۆزىنىڭ پارىژدىكى بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرمۇش ۋە كۈرەش داۋامىدا، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي رولى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىي كۈرەش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلەرنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ فرانسىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئىشچىلار ھەركىتىگە قاتناشقان بىۋاستە تەسىراتلىرىغا ئاساسەن، «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە دائىر تەنقىت»، گە مۇقەددىمە» دېگەن ماقالىسىدا، ئىجتىمائىي ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا پرولېتارىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر مۇھىم يەكۈننى تۇنجى قېتىم چىقاردى ھەمدە: «تەنقىت قورالى، ئەلۋەتتە، قورال تەنقىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ماددىي كۈچنى پەقەت ماددىي كۈچ بىلەنلا يىمىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ؛ لېكىن نەزەرىيىمۇ ئامما تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن ھامان ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ»، «پەلسەپە پرولېتارىياتنى ئۆزىگە ماددىي قورال قىلغىنىغا ئوخشاشلا، پرولېتارىياتمۇ پەلسەپىنى ئۆزىگە مەنىۋى قورال قىلىدۇ...... ئازاتلىقنىڭ مېڭىسى — پەلسەپە. يۈرىكى — پرولېتارىيات» دېگەننى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلغار نەزەرىيىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا بولغان رولىنىمۇ ئىنتايىن تەكىتلىدى.

ماركس 1844 - يىلى 9 - ئايدا پارىژدا ئۆزىنىڭ كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدىغان ئەڭ يېقىن سەپدىشى ئېنگېلس بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئۇستاز كوممۇنىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تىنىمۇتىنغ كۈرەش قىلدى.

1847 - يىلى باھاردا، ماركس بىلەن ئېنگېلس مەخپىي تەشۋىقات تەشكىلاتى — «كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى»غا كىرىپ، بۇ ئىتتىپاقنىڭ شۇ يىلى 11 - ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ھەمدە قۇرۇلتاينىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، 1847 - يىلى دېكابىردىن 1848 - يىلى فېۋرالغىچە مەشھۇر ئەسەر «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەردە يېڭىچە دۇنيا قاراش يەنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىزچىل ماتېرىيالىزم، تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ چوڭقۇر تەلىمات — دىئالېكتىكا، شۇنىڭدەك، سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى، كوممۇنىستىك يېڭى جەمئىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى پرولېتارىيات زىممىسىگە ئالغان ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئىنقىلابىي ۋەزىپە توغرىسىدىكى نەزەرىيە تالانتلىق ھالدا مۇكەممەل، روشەن ئەدىبىي ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىنىدى. خىتاپنامىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئىدىيە تۆۋەندىكى 4 نۇقتىدىن ئىبارەت:

(1) كاپىتالىزىمنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە كوممۇنىزىمنىڭ غەلىبە قىلىشى

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى.

(2) پۇرولېتارىيات — كاپىتالىزمنىڭ گۆركارى ۋە كوممۇنىزمنىڭ قۇرغۇچىسى.

(3) پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى پۇرولېتارىياتنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى.

(4) كوممۇنىستىك پارتىيە — پۇرولېتارىياتنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى رەھبىرىي كۈچ.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دا، ماركسىزم نەزەرىيىسى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق، ئەتراپلىق شەرھىلەپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ پۇروگراممىسى ۋە تاكتىكىسىمۇ تۇنجى قېتىم شەرھىلەپ بېرىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ماركسىزملىق ئىدىئولوگىيىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. جاھان پۇرولېتارىياتىنىڭ ھەركەت قىبلىنامىسى بولغان مەڭگۈ ئۆلمەس بۇ شانلىق ھۆججەت — قاتتىق ئىلمىلىك بىلەن ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاۋىلىقنى ئورگانىك تۈردە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى، كاپىتالىزم ھالاكىتىنىڭ ماتەم سىگنالى، كوممۇنىزم غەلىبىسىنىڭ مايىكى. خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: «ئۇنىڭ روھى مەدەنىيەت دۇنياسىدا تەشكىللىنىپ، كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان پۈتكۈل پۇرولېتارىياتقا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىلھام بەرمەكتە ۋە تۈرتكە بولماقتا»، پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى كەڭ ئەمگەكچى خەلققە ئىلھام بەرمەكتە.

## ماركسىزم روسىيىدە

ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇنۇرلۇق ماياك روسىيىنىڭ بىپايان زېمىنىغا نۇر چېچىشقا باشلىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى كاپىتالىزم جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويىدى، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى مەسىلىسى ئەمەلىيەت كۈنتەرتىۋىگە قويۇلۇشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، روسىيە جاھانگىرلىككە خاس ھەممە زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، روسىيە ھامىلدار بولغان ئىنقىلاپنىڭ پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى غەربىي ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكىگە قارىغاندا كۆپ يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، خەلقارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى گېرمانىيىدىن پەيدىن - پەي روسىيىگە كۆچتى. پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش لازىم ئىدى. پۇرولېتارىياتنىڭ ئىلغار قوشۇنى بولغان پارتىيە بول-

مىغاندا، پرولېتارىيات ئۆزىنى ئازاتلىققا ئېرىشتۈرەلمەيتتى، يەنى ھاكىمىيەتنىمۇ تارتىۋالالمايتتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆز پائالىيىتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە رولى، پارتىيىنىڭ ئادەتتىكى ئىشچىلار ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، پارتىيە ئىچىدىكى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق، تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى پرىنسىپلارنى شەرھلەپ بەرگەن ئىدى. لېنىن ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى تۈپ ئىدىيىسىگە ئاساسلىنىپ، خەلقارادىكى ھەم رۇسىيىدىكى كونكرېت تەجرىبىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە توغرىسىدىكى تەلىماتنى تۇنجى قېتىم ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق شەرھلىدى. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى تۈزدى، يېڭى تىپتىكى ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى سالدى. ئۇنىڭ تۈپ نۇقتىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) پارتىيە — پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار قوشۇنى.

(2) پارتىيە — پرولېتارىياتنىڭ تەشكىللىك قوشۇنى.

(3) پارتىيە — پرولېتارىياتنىڭ ئالىي تەشكىلىي شەكلى.

(4) پارتىيە ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى كېرەك، پارتىيە — پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار قوشۇنىنىڭ كەڭ پرولېتارىيات ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى.

(5) پارتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى بويىچە تەشكىللىنىشى لازىم.

(6) پارتىيە — ئۆز تەشكىلىنىڭ پۇختا، رەتلىك بولۇشىنى ۋە قوشۇنىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، يەنە پۈتۈن پارتىيە ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان، ئىنتىزامغا ئىگە بولۇش كېرەك، ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان «ئىسيانكار زاتلار»، ئىمتىيازلىق زاتلار ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا تېگىشلىك «ئاددىي كىشىلەر» دېگەن پەرق بولماسلىقى كېرەك.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، لېنىن ئۇرۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى، تارىخى، جۇغراپىيىۋى ئەھۋاللىرى، دىپلوماتىيە، ئىشچىلار ھەرىكىتى، مۇستەملىكە مەسىلىلىرىدىن تارتىپ تاكى تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتى قاتارلىقلارغىچە ھەممە تەرەپلەردىن پۇختا ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشتا كىرىشتى ھەمدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. لېنىن 1916 - يىلى 7 - ئايدا يازغان دەۋر بولگۇچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر ئەسىرى — «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باس

قۇچى»دا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە، بىرىنچى بولۇپ ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن كىتاۋىدا شەرھلەنگەن قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ، جاھانگىرلىكنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى ئالاھىدىلىكلىرىنى، ماھىيىتىنى ۋە ھەر خىل زىددىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، يېڭى باسقۇچتىكى كاپىتالىزىم — جاھانگىرلىكنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە يوقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس 19 — ئەسىردىكى كونكىرىت شەرت — شارائىتلارغا ئاساسەن، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى كۆپ ساندىكى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە، ھېچبولمىغاندا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بىر قانچە ئاساسلىق كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغاندا، ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. لېكىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. لېنىن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئىنقىلاۋى دىئالېكتىكىسىغا ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەھۋاللارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ توغرىسىدا يېڭى يەكۈن چىقاردى. لېنىن 1916 - يىلى يازغان «پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ ھەربى پۇروگراممىسى» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى: „كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ئىنتايىن تەكشىسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا پەقەت شۇنداقلا بولىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر تەۋرەنمەس يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ: سوتسىيالىزىم بارلىق مەملىكەتلەردە بىرلا ۋاقىتتا غەلىبە قازىنالمايدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن بىر ياكى بىر نەچچە مەملىكەتتە غەلىبە قازىنىدۇ، قالغان مەملىكەتلەر بولسا، بىر مەزگىل ئىچىدە يەنىلا بۇرژۇئازىيە دۆلىتى ياكى بۇرژۇئازىيىدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ“.

لېنىننىڭ بۇ يەكۈنى ماركسىزىم نەزەرىيىسىنى ئىجادى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ دۇنيا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ بىر مەملىكەتتە غەلىبە قازىنىشىدىن كېڭىيىپ بىر قانچە مەملىكەتتە غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى، ئاخىرى دۇنيا مىقياسىدا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لېنىن يۇقۇرىدىكى يېڭى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى پەقەت زورلۇق ئىنقىلاپ ئارقىلىق بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تىكلەش لازىملىقىدىن ئىبارەت بۇ توپ قائىدىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن قولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى. ماركسىزىم رۇسىيە پۇرولېتارىياتىنى ئويغاتتى، قوراللاندۇردى ھەمدە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە پۇرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلاۋى كۆرەشلىرىدە سىنالدى، بېيىدى ۋە راۋاجلاندى.

www.uyghurkitap.com

لېنىن رەھبەرلىكىدىكى رۇسسىيە پرولېتارىياتى 1917 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى) زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، دۇنيانىڭ 6 دىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان زېمىندە تۇنجى قېتىم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنقىلابىي خەلقنى مۇنۇ بەش جەھەتتىكى مول كۈرەش تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلىدى:

(1) پرولېتارىيات ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولۇشى شەرت.

(2) پرولېتارىيات زورلۇق كۈچ ئىنقىلابى ئارقىلىق بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلىشى شەرت.

(3) پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تىكلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى شەرت.

(4) ئىشچىلار سىنىپى (كوممۇنىستلار پارتىيىسى ئارقىلىق) رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى شەرت.

(5) پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىنى يولغا قويۇشى شەرت.

قىسقىسى، ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يولى تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق پارلاق داغدام يولى بولدى.

## ماركسىزم - لېنىنىزم جۇڭگودا

ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ئىبارەت بۇ نۇرلۇق ماياك ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى زۇلمەتلىك جۇڭگوغىمۇ نۇر چاچتى.

«ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى.»

ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زور تەسىرى ئاستىدا، 1919 - يىلى جۇڭگودا جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى «4 - ماي ھەرىكىتى» پارتلىدى. جۇڭگونىڭ ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچىلىرى پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى مەملىكەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىدىغان قورال قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەسىلىلىرىنى يېڭىۋاشتىن مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. جۇڭگولۇقلار رۇسسىيىلىكلەرنىڭ يولى بىلەن مېڭىش خۇلاسىسىغا كەلدى.

بۇ خۇلاسە قەتئىي ئىرادىگە، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندى. «4 - ماي ھەرىكىتى» بىلەن باشلانغان جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى داۋامىدا، ماركسىزمنى ۋە ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان ژورناللار يامغۇردىن كېيىنكى باھار بامبۇكلىرىدەك مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. 1919 - يىلى 5 - ئايدا، «يېڭى ياشلار» ژورنىلى ماركسىزم توغرىسىدا مەخسۇس سان نەشر قىلىپ، يولداش لى داجاۋنىڭ «مېنىڭ ماركسىزمچە قارىشىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى بېسىپ، ماركسىزمنى بىر قەدەر ئەتراپلىق تونۇشتۇردى. ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىنى كېڭەيتتى، ماۋزېدۇڭ، سەي خېسېن قاتارلىقلار خۇنەندە تەشكىللىگەن «يېڭى خەلق ئىلمىي جەمئىيىتى»، جۇئېنلەي تيەنجىندە تەشكىللىگەن «ئويغىنىش جەمئىيىتى» ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ماركسىزم جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن تەدرىجىي بىرلىشىشكە باشلىدى.

1919 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزمنى ئىخلاس بىلەن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، ماركسىزمغا نىسبەتەن تەۋرەنمەس ئىشەنچ تۇرغۇزدى ھەمدە جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ئىلغار قوشۇنى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇش خىزمىتىگە كىرىشتى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيىدە تۇرۇۋاتقان سەي خېسېن قاتارلىقلارغا يازغان خېتىدە، جۇڭگودا ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدىغان، روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى يولىدا ماڭىدىغان يېڭى تىپتىكى پرولېتارىيات پارتىيىسىنى قۇرۇشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى. خۇنەن قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان كوممۇنىستىك گۇرۇپپىلار ئىشچىلار ھەرىكىتىگە پائال رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ماركسىزم بىلەن بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ سىنىپىي ئاساسى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسىغا ئىگە قىلدى. نەتىجىدە، 1921 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو زېمىنىدا رەسمىي دۇنياغا كەلدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدا زور ۋەقە ئىدى. جۇڭگودا ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئاساس، كوممۇنىزمنى ئاخىرقى مەقسەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قىياپىتىنى يېپ - يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى.

يولداش ماۋزېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم - لېنىنىزمدىن ئىبارەت ئوقنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئېتىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ يولى، تاكتىكىسى ئۈستىدە چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ۋە ئىجادىي تەتبىقلاشنى ئېلىپ باردى. جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن بىر قاتار ئىجادىي

www.uyghurkitap.com

تەجرىبىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودallىق چوڭ بىر شەرق مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيىنى شەكىللەندۈردى. بۇ يېتەكچى ئىدىيە ماركسىزىم - لېنىنىزىم ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدۇر. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ جۇڭگودىكى تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

يولداش ماۋزېدۇڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ئىستىراتېگىيە جەھەتتە، سىياسەت ۋە تاكتىكا جەھەتتە، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى جەھەتتە ماركسىزىم - لېنىنىزىمنى ئىجادىي نەزەرىيە بىلەن بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. مانا بۇ ماركسىزىم - لېنىنىزىم تەرەققىياتىغا قوشۇلغان زور تۆھپە.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ماركسىزىم بولمىغان بولسا، لېنىنىزىم بولمىغان بولاتتى. ماركسىزىم - لېنىنىزىم جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىگەن بولسا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىمۇ بولمىغان بولاتتى.

ماركسىزىمنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا، پارىژ كوممۇنىسى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولاتتى؛ ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلالمىغان بولاتتى؛ ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو ئاسىيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرەلمىگەن بولاتتى. جۇملىدىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى جەريانىدا ماركسىزىم ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈپ سىنالدى.

دېمەك، ماركسىزىم ۋۇجۇدقا كەلگەن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ماركسىزىم ئۆزىنىڭ ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان كەسكىن كۈرەشلەردە، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى بىر قاتار مەملىكەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز بېيىدى ۋە راۋاجلاندى. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى بولۇپ قالدى. ھەرقايسى ئەللەر پرولېتارىياتى ماركسىزىم ئېچىپ بەرگەن پارلاق يولنى بويلاپ، «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى»نى ياڭرىتىپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ماركسىزىم — دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە ماس كېلىدىغان ئىنقىلابىي پەن. ماركسىزىم — يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق ماياك!

# ماركسنىڭ ئەسەرى — «كاپىتال» ۋە سوتسىيالىستىك سىياسى ئىقتىسات توغرىسىدا

باۋدۇنچۈەن

ئادىل ساقى تەرجىمىسى

ماركس ۋاپات بولغانىغا 100 يىل بولدى. ئۇنىڭ ئومۇربويى بارلىق زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئۇلۇغ كىلاسسىك ئەسىرى — «كاپىتال»نى بۈگۈنكى كۈنگە تەتبىقلىشىمىز، ئۇنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلىگەنلىگىمىزدۇر.

«كاپىتال» دۇنياغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ رەت قىلىپ بولمايدىغان ئىلمىي دەلىللىرى ئارقىلىق، كاپىتالىزىمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە مۇقەررەر يوقىلىشىنىڭ قانۇنىيىتىنى كورسىتىپ بېرىپ، "مەھرۇم قىلغۇچىلار مەھرۇم قىلىنىدۇ" دىگەن دەۋر بولگۈچ ئىنقىلاۋىي يەكۈننى چىقاردى. «كاپىتال» — «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنجىلى» دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ شوھرەت قازاندى. بۇرژۇئازلار ئۈچۈن بولسا، ئۇلارنىڭ "كاللىسىغا قارىتىپ ئېتىلغان ئەڭ دەھشەتلىك زەمبىرەك ئوقى" بولدى.

«كاپىتال»نىڭ دۇنياغا كېلىشى، سىياسى - ئىقتىسات پەنىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، پۈرولېتارىياتنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسى-ئىقتىسات پەنىنى ياراتتى. «كاپىتال» مۇكەممەل قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىپ، شۇنىڭدەك، تارىخىي ماتېرىيالىزىمنى ئومۇمىيۈزلۈك دەلىللەپ، سوتسىيالىزىمنىڭ خام خىيالدىن پەنگە ئايلىنىشىنى تەمىنلىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «كاپىتال» ماركسىزىمنىڭ 3 تەركىۋىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ماركسىزىمنىڭ قامۇسى بولۇشقا مۇناسىپ.

1867 - يىلى 9 - ئايدا «كاپىتال» 1 - تومىنىڭ نېمىسچە نەشرى نەشردىن چىققاندىن تا ھازىرغا قەدەر 115 يىل ئوتتى. بىر ئەسىردىن كوپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىنسانىيەت تارىخىدا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۆزگىرىشلەر

يۈز بەردى. كاپىتالىزىم ياۋروپا، ئاسىيادىكى بىر قاتار دۆلەتلەردە تارىخىي مۇزېيغا كىرگۈزۈپ قويۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش، سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنى ئېچىش، سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىسات ئىلمىنى بەرپا قىلىش ئەڭ جىددىي، مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىگە ئايلاندى. ماركسنىڭ ئەسىرى ــ «كاپىتال»نىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىسات ئىلمى ئۈچۈن قانداق ئەھمىيىتى بار؟ بۇ ماقالىدا ئۆزەمنىڭ شۇ مەسىلە ئۈستىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقچىمەن.

## 1

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇيان، كاپىتالىزىم ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدىن تەرەققىي قىلىپ، مونوپول كاپىتالىزىم باسقۇچىغا كىردى. بولۇپمۇ، لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت دۇنياغا كەلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوتسىيالىزىم يەنە كەينىدىن بىر قاتار دۆلەتلەردە مەيدانغا كەلدى. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بەزىلەر شۇنىڭدىن كېيىن، «كاپىتال»نىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، «ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيە» دېگەن سەپسەتىنى تارقاتتى. بۇ بىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىز زادىلا «كاپىتال» ــ ئۆزگەرمەس قانۇن، ئۇنىڭ بىر سۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن رېئاللىقتىمۇ ئۇنى شۇ پېتى قوللىنىش لازىم، دەپ قارىمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن، سوتسىيالىزىم ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، بەلكى ئوتمۇشتىكى كاپىتالىزىم تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى. تارىخ باغلىنىشلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزىم ئەمەلىيەتتە، كاپىتالىزىمدىن تۇغۇلغان. بىز ھەم سوتسىيالىزىمنىڭ كاپىتالىزىمدىن ماھىيەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخىي ۋارىسچانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم، دىيالېكتىكىلىق ۋە تارىخىي پوزىتسىيە دەل شۇ.

شۇبھىسىزكى، ماركس ئۆزىمۇ «كاپىتال»دا: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ماسلاشىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى»① تەتقىق قىلىنىدىغانلىقىنى تەھقىقلەشتۈرگەن ۋە ئەينى زاماندا كاپىتالىزىملىق «بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتقان تىپىك جاي ــ ئەنگلىيە» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى②. «كاپىتال»

①② «كاپىتال» 1 ـ توم. 1 ـ كىتاپ، 13 ـ بەت.

نىڭ تەتقىقات مەقسىتىمۇ ناھايىتى ئېنىق، ماركس: «ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى (كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىكى — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش»① دېگەن ئىدى. بۇلارغا قاراپلا، «كاپىتال» پەقەت كاپىتالىزىمنىلا تەتقىق قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك سىياسىي-ئىقتىسات بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولامدۇ؟ شۈبھىسىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟

بىرىنچىدىن، «كاپىتال»دا قوللىنىلغان تۈپ ئۇسۇل ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئۇسۇلى. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «ماركس گەرچە "مەنتىقە" (چوڭ ھەرپتە تىزىلغان) قالدۇرۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «كاپىتال»چە مەنتىقە قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ مەنتىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، نۆۋەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم»②. «كاپىتال»دىكى تەسىرلىك ھەم چوڭقۇر، جانلىق دىئالېكتىكا بىزنى سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ ئىلمىي بولغان مېتودولوگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ دەل مۇرەككەپ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە «كاپىتال»نىڭ سىستېمىلىق قۇرۇلمىسى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي-ئىقتىسات ئىلمىنى بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق. «كاپىتال» «قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنىڭ تارىخى» دېگەن قىسمىدىن باشقا، جەمئىي 3 تومغا بۆلۈنىدۇ. 1 - تومدا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مەسىلىلەر نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ؛ 2 - تومدا، ئوبوروت جەريانىدىكى مەسىلىلەر نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ؛ 3 - تومدا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ. دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى مەسىلىسى بايان قىلىنغاندا، ئوبوروت مەسىلىسىگە بىرلەشتۈرۈلگەن؛ ئوبوروت مەسىلىسى بايان قىلىنغاندا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن، ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبوروتتىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش جەريانى تەھلىل قىلىنغاندا، بۇ يەنە تەقسىمات مەسىلىسىگە بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك، ئەمگەك قىممىتى نەزەرىيىسى بىلەن قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان. «كاپىتال»نىڭ پۇختا تۈزۈلمىسى، پۈتكۈل نەزەرىيىنى قىل سىغمايدىغان قىلىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي - ئىقتىسات ئىلمىنى بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

ئىككىنچىدىن، «كاپىتال»نىڭ دىئالېكتىكىسى بويىچە، سوتسىيالىستىك جەمئىـ

① «كاپىتال» 1 - توم، 1 - كىتاب، 19 - بەت.

② «لېنىن ئەسەرلىرى» 38 - توم، 357 - بەت.

يېتىنىڭ كاپىتالىستىك جەمىيەتنى ھەرگىز ئاددى ھالدا ئىنكار قىلالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئاكتىپ ھالدا ئىلغايدىغانلىقىنى تەھقىقلەشتۈرگەن. يەنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كاپىتالىزم جەمىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىزم جەمىيىتىگە ئۆتۈشكە يۈزلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىزم جەمىيىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزم ياراتقان قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈم يوقىتىلىدۇ، لېكىن كاپىتالىزم ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يوقىتىلمايلا قالماي، بەلكى دەل سوتسىيالىستىك جەمىيەت قۇرۇشنىڭ ماددىي تېخنىكا ئاساسى قىلىنىدۇ. سوتسىيالىزم كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى دېگەن بۇ بويۇنتۇرۇقنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېرىشىلگەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھەرگىز نابۇت قىلمايدۇ. بىز ھەتتا كاپىتالىزم بەرپا قىلغان ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار تۈزۈملەرنىڭ كاپىتالىستىك خۇسۇسىيەتلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدىغان تېخنىكىلىق تەرەپلىرىنى ھەرگىز ئاددىيلا ئىنكار قىلىۋەتمەي، داۋاملىق ئۆگىنىمىز ۋە ئىشلىتىمىز.

«كاپىتال» كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىمۇ تەتقىق قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئالاقىدار ئومۇمىي بايانلارمۇ بار. ماركسىزم ئەزەلدىن شۇنداق قارايدۇكى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش جەريانىدا، كىشىلەر مەقسەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۆزى سىنىپىلىققا ئىگە ئەمەس. بۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدىكى سىنىپىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، كاپىتالىستلار پايدا قوغلىشىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەڭ ئەمگەكچى خەلققە بەخت يارىتىشى مۇمكىن. شۇڭا «كاپىتال»نىڭ ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىر قاتار ئومۇمىي بايانلىرى بىز ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى پايدىلىق.

ماركس: «ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ مۈلكى بولۇش سۈپىتى بىلەن كاپىتال ھېساپلانمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋاستە بولغان شارائىتتىلا كاپىتال بولالايدۇ»① دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى. دېمەك، «كاپىتال»دا، كاپىتالنىڭ تەرىپى قاتتىق بەلگى-

① «كاپىتال» 1 - توم، 835 - بەت.

لەنگەن، كاپىتال قوشۇمچە قىممەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان قىممەت دەپ شەرھلەنگەن، كاپىتالىست بولسا، كاپىتالنىڭ ئادەملەشتۈرۈلىشىدۇر، خالاس. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش «كاپىتال»نىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەشنىڭ ئاچقۇچى.

ئۈچىنچىدىن، ماركس «كاپىتال»دا، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى نۇقتىلىق تەھلىل ۋە تەنقىت قىلىش بىلەن بىللە، كەلگۈسى جەمىيەت، يەنى سوتسىيالىزىم جەمىيىتى بىلەن كوممۇنىزىم جەمىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرغان ھالدا بايان قىلغان. كەلگۈسى جەمىيەت ھەققىدىكى بايانلار، «كاپىتال» نەزەرىيىۋى تەھلىلىنىڭ مۇقەررەر مەنتىقىلىق يەكۈنىدۇر. بۇ نۇقتا توغرىسىدا لېنىن: «ماركسنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيىلىرى، ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمىنى ئەڭ تەل ـ تۆكۈس، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئەتراپلىق، مەزمۇنغا باي بولغان تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئارقىلىق تەكشۈردى. تەبىئىكى، ئۇ مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق يەنە كاپىتالىزىمنىڭ پات ئارىدا گۇمران بولىدىغانلىق مەسىلىسىنى، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسى كوممۇنىزىمنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى مەسىلىسىنى تەكشۈردى»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

«كاپىتال»دا، كەلگۈسى جەمىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى مەسىلىسى نېمىگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟ لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «بۇ يەردىكى ئاساس شۇكى، كوممۇنىزىم كاپىتالىزىمدىن پەيدا بولغان، ئۇ تارىختا كاپىتالىزىمدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كاپىتالىزىم پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى»②.

يۇقۇرقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، «كاپىتال» سوتسىيالىستىك سىياسى ئىقتىسات بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، دېيىلگەن نۇقتىنەزەر ئىز بىسىپ تۇرالمايدۇ.

## 2

بىز «كاپىتال»نىڭ سوتسىيالىستىك سىياسى ـ ئىقتىسات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. لېكىن يۇقۇرىدا، پەقەت ئەڭ ئومۇمىي ئىزاھلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، خالاس. ئەمدى «كاپىتال»نىڭ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسى ـ ئىقتىساتنى تەھلىل قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى «كاپىتال»نىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلىشىمىز زۆرۈر.

بىرىنچىدىن، «كاپىتال»دا ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي كاتېگورىيىسى

①② «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» 3 - توم، 243 - بەت.

ۋە ئومۇمىي قانۇنىيىتى توغرىسىدا بېرىلگەن ئىلمىي بايانلار يەنىلا، سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىساتنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر.

كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەمگەك، ئەمگەك جەريانى، ئەمگەك كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، شۇنىڭدەك، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىش قانۇنىيىتى، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى، ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىدىن ئاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئېشىنچە ئەمگىكى بارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. دەرۋەقە، بەزى ئۇقۇملار بۇرژۇئا ئىقتىسات ئىلمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغان. لېكىن، ماركس «كاپىتال»دا، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلمىي ئاساسلار ۋە ئىزاھلار بىلەن تەمىنلىگەن، ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ توغرا مەنا بەرگەن. «ئەمگەك» دېگەن ئومۇمىي ئۇقۇمنى مىسالغا ئالساق، ماركس ئۇنىڭ ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېرىنى ئىلمىي شەرھلىدى. ئەمگەكنى تەبىئىلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەمگەك — ئىنسانلارنىڭ «نورمال ھاياتلىق پائالىيىتى»①، «ئادەم بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئۆزى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ماددىلار ئايرىۋاشلىنىشىغا ۋاستىچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئايرىۋاشلاشنى تەرتىپكە سالىدۇ ۋە كونترول قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى بىرخىل تەبىئەت كۈچى سۈپىتىدە تەبىئەت ماددىسىغا قارىمۇ ـ قارشى تۇرىدۇ. ئادەم تەبىئەت ماددىسىنى ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ياراقلىق بولغان مەلۇم بىر شەكىلدە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز بەدىنىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنى — قول ۋە پۇتلىرىنى، باش ۋە بارماقلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇ ھەرىكەت ۋاستىسى بىلەن تاشقى تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىدۇ، ئادەم شۇنىڭ بىلەن ئۆز تەبىئىتىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ»②. تەبىئەت دۇنياسىدا ھايۋاناتلارمۇ تۇغما «ئەمگەك» قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكىلا، مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى بولىدۇ. ماركس جانلىق ۋە ئوبرازلىق بىر تەمسىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئومۇچۇكنىڭ ئىشى توقۇمىچىنىڭ ئىشىنى ئەسلىتىدۇ؛ ھەسەل ھەرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋا سېلىش ماھارىتى بىلەن كىشىلەر، نۇرغۇن ئارخىتېكتورلارنى خىجالەتچىلىكتە قالدۇرىدۇ. لېكىن، ئەڭ ياراملىق ئارخىتېكتورمۇ ئەڭ ماھىر ھەسەل ھەرىسىدىن ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىدۇكى، ئۇ مومدىن ئۇۋا سېلىشتىن ئاۋۋال، بۇ ئۇۋىنى مېڭىسىدە ئالدىنقاچان قۇرۇپ بولغان. ئەمگەك جەريانىنىڭ ئاخىرىدا ئېرىشىلگەن نەتىجە بۇ جەريان باشلانماستىن ئىلـ

① «كاپىتال» 1 - توم، 60 - بەت.

② «كاپىتال» 1 - توم، 288 - بەت.

گىرىلا، ئەمگەكچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىدىيىۋى رەۋىشتە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ئەمگەكچى ھەسەل ھەرىدىن تەبىئەت بەرگەن نەرسىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا پەرق قىلىپ قالمايدۇ. تەبىئەت بەرگەن نەرسىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاڭلىق مەقسىدىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ مەقسەت قانۇن سۈپىتىدە ئەمگەكچىنىڭ ھەركەت قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە بۇ ھەركەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە ئەمگەكچى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەنە شۇ مەقسەتكە بويسۇندۇرۇشى لازىم»①.

ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكى يەنە ئىجتىمائىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى يەككە - يىگانە بولمايدۇ، بەلكى كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. كىلاسسىك سىياسىي - ئىقتىسادشۇناس ئادام سىمىت، كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى پەقەت بىر خىل «قۇربان بېرىش» دەپ قارىغان ئىدى. لېكىن ماركسنىڭ قارىشىچە، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدا، ياللانما ئىشچىلار كىشەنسىز قۇل، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ماھىيەتتە يەنىلا قۇللارچە ئەمگەك بولىدۇ. كاپىتالىستلارنىڭ نەزىرىدە، ياللانما ئىشچىلار ماشىنىغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ، ئۇلار كاپىتالنىڭ بىر بۆلۈكى (ئۆزگەرمەس كاپىتال ۋە ئۆزگىرىشچان كاپىتال) بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىدە نەدىكى ئاكتىپچانلىق بولسۇن؟ ئىشچىلار بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرى خوجايىن بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزى ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئەمگەك قىلالايدۇ. مۇشۇ چاغدىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقى تولۇق جارى قىلىنىدۇ. دېمەك، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنىڭ تولۇق جارى قىلىنىشى ئەمگەك مەزمۇنى ۋە ئەمگەك ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: بارلىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدا ئەمگەكچىلەر «ئەمگەكنى ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچلىرىنىڭ پائالىيىتى دەپ زوقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس»②. پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى شارائىتىدىلا، ئەمگەك بىۋاسىتە ئىجتىمائىيلىققا ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، ھەممە ئادەم ئاڭلىق ئەمگەك قىلىدىغان، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئەمگەككە قاتنىشىدىغان، ئورتاق ئىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان بولىدۇ.

ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش — سىياسىي ئىقتىسادنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك ئەمگەك بىلەن كاپىتالىستىك ئەمگەكنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى تۈپ پەرقىنى چۈشەنگەندىلا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى-

① ② «كاپىتال» 1 - توم، 288 -، 289 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

دىكى «قوشۇمچە ئەمگەك»نىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان مەنىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى شەرھلىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىسادنىڭ بىر قاتار كاتېگورىيىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى توغرا تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوقۇم نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشى، ئەمگەكچىنىڭ خۇسۇسىي ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىسادتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى سۆزلىمىسەكمۇ ئېنىق. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، «كاپىتال» نىڭ 1 ـ تومىنىڭ ھەمكارلىشىش، ئىش تەقسىماتى ۋە ئىش مەيدان قول سانائىتى، ماشىنىلار ۋە يىرىك سانائەت دېيىلگەن 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ باپلىرىنىڭ 200 گە يېقىن بېتىدە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ 3 باسقۇچى بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمنىڭ مەزمۇنىدا، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، كاپىتالىزم تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ بىر قەدەر ئىلغار ماددىي تېخنىكا ئاساسىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئاخىرقى ھېساپتا، دۇنيا مىقياسىدا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكى چوڭقۇر كۆرسىتىلگەن. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دا: «بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىنىڭ 100 يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى داۋامىدا ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئۆتكەنكى بارلىق دەۋرلەردە يارىتىلغان پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىنمۇ كۆپ، زور بولدى»① دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، كاپىتالىزم تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ياراتقانلىقتىن، فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېساپتا غەلىبە قىلدى. شۇڭا، ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتا پۇت تىرەپ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، كاپىتالىزمدىمۇ پەقەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كاپىتالىزم يېتەلمەيدىغان ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئارقىلىق قۇدرەتلىك ماددىي تېخنىكا ئاساسىنى ياراتقاندىلا، كاپىتالىزم ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېساپتا غەلىبە قىلالايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىمىز قەتئىي تەۋرەنمەستىن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىدى. بۇ تارىخىي قانۇنىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. شۇڭا، تامامەن توغرا.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» 1 ـ توم، 256 ـ بەت.

پەقەت سۇبيېكتىپ ئارزۇغىلا تايانساق، نەتىجە چىقمايدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىق، نىسبەتلىك ھالدا راۋاجلاندۇرۇش لازىم. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ كاساپىتىدىن ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىدىلا داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭ پىلانلىق، نىسبەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت سوتسىيالىزىم جەمىيىتىدىلا، پىلانلىق، نىسبەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ماركسنىڭ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرىدە ئېچىپ بېرىلگەن ئومۇمىي قانۇنىيەت، دەل بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى پىلان تۈزۈشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەڭشەشتىكى مەقسەت، نىسبەت بۇزۇلغان ئىلگىرىكىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سالماق قەدەملەر بىلەن يۈكسىلىشىنى تەمىنلەش ئۈچۈندۇر.

يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان يېزا ئىگىلىك ئەمگىكى — بارلىق جەمىيەتلەرنىڭ ئاساسى. بۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، يەنى بىز دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقاندەك، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ، ئېلىمىزدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 80% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزا ئىگىلىكى ئىنتايىن ئاجىز. شۇڭا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاشتا، يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلسە، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تېز راۋاجلىنىدىغانلىقى؛ ئەكسىچە بولغاندا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. دېمەك، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى يېزا ئىگىلىكىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى تەكىتلىگەندە، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنى ئوبيېكتىپ ئاساس قىلغان.

ئىككىنچىدىن، «كاپىتال»دىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى تەھلىللەر ۋە قىممەت قانۇنى ھەققىدىكى ئىلمىي بايانلار بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمىيەتتىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسىمىزدۇر. تاۋارنىڭ ئىككى ئامىلى، ئەمگەكنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى، پۇلنىڭ 5 خىل فۇنكتسىيىسى، قىممەت ۋە باھا، شۇنىڭدەك قىممەت قانۇنىنىڭ تاۋار قىممىتىنى زورۇر ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشتا، تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، قىممەت قانۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت-

نى تەڭشەشتىكى رولى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلاردىكى كاپىتالىستىك خۇسۇسىيەتلەر ئېلىپ تاشلانسىلا، ئاساسىي قائىدىلىرى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماس كېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بۇ جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىمىز كەمچىل بولۇپ، تووار ئىشلەپچىقىرىش ۋە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، نەتىجىدە، غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدۇق.

«كاپىتال»دا، «تووار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى زورۇر شەرتلەرنىڭ بىرسى، ئۇنىڭ ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى؛ ئىككىنچىسى، توۋارلارنىڭ باشقا ـ باشقا ئىگىلەرگە مەنسۇپ بولغانلىقى»① دەپ كۆرسىتىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، بىزدە كۈنساناپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىمۇ مەۋجۇت. ئىككى خىل ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن سىرت، مەلۇم دائىرىدە يەنە يەككە ئىگىلىكمۇ بار. شۇڭا، ھازىرقى سوتسىيالىزم باسقۇچىدا، تووار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تووار ئالماشتۇرۇش مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئېنگېلس: «ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمئىيەت ئىگەللىگەن ھامان، تووار ئىشلەپچىقىرىش يوقىتىلىدۇ»② غانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. ئەمما بىزنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىز تېخى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمئىيەت تولۇق ئىگەللەيدىغان دەرىجىگە يەتمىدى. تووار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تووار ئالماشتۇرۇشلا بولىدىكەن، قىممەت قانۇنىيىتى مۇقەررەر رول ئوينايدۇ. ماركس تەكىتلەپ: «چۈنكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئىجتىمائى زورۇر ئىش ۋاقتى، خۇسۇسى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەسادىپى ۋە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئالمىشىش مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تەرتىپكە سالغۇچى تەبىئەت قانۇنى سۈپىتىدە، پەقەت زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆزىگە يول ئېچىپ ئالىدۇكى، بۇ تەبىئەت قانۇنى، خۇددى ئۆي كىشىنىڭ بېشىغا غۇلاپ چۈشكەن چاغدا تارتىلىش قانۇنىنىڭ ئەمەل قىلىشىدەك ئەمەل قىلىدۇ»③ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا، پارتىيىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، «ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا، پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازارنىڭ تەڭشەشتىكى قوشۇمچە رولىنى جارى قىلىش، سوتسىيالىستىك تووار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تووار ئالماشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم»④ دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇمۇ توغرا.

① «كاپىتال» 1 - توم، 55 - بەت.

② «دېيۈرىڭغا قارشى» 279 - بەت.

③ «كاپىتال» 1 - توم، 1 - كىتاپ 117 - بەت.

④ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» برۇشۇرا 55 - بەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچىدىن، «كاپىتال»دىكى كەلگۈسى جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي پەرەز بىزگە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ بەزى ئاساسىي ئالامەتلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. تۆۋەندە بىز بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىنچاقلىغان ھالدا بەزى ئىزاھلارنى بېرىمىز.

(1) كەلگۈسى جەمئىيەت — «ئەركىن كىشىلەردىن بىرىككەن گەۋدە» بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى، شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىدا، ئەمگەكچىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويىدۇ.

1 - تومنىڭ 1 - باب، 4 - پاراگرافىدا ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: «نىھايەت، يەنە بىر مىسال تەرىقىسىدە ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە، پىلانلىق رەۋىشتە سەرپ قىلىدىغان ئەركىن كىشىلەر ئىتتىپاقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى، روبىنزوننىڭ ئەمگىكىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بۇ يەردە تەكرارلىنىدۇ، تەكرارلانغاندىمۇ خۇسۇسىي مىقياستا ئەمەس، ئىجتىمائىي مىقياستا تەكرارلىنىدۇ. روبىنزوننىڭ پۈتۈن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى پەقەت ئۇنىڭ ئۆز شەخسىي مەھسۇلاتى ئىدى ۋە دېمەك، ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان بىۋاستە ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىدى. ئەركىن كىشىلەر ئىتتىپاقىنىڭ پۈتۈن ئەمگەك مەھسۇلاتى ئىجتىمائىي مەھسۇلاتتۇر، بۇ مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمى يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، بۇ قىسىم ئىجتىمائىي قىسىم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئىككىنچى قىسمى بولسا، ئىتتىپاق ئەزالىرى تەرىپىدىن تۇرمۇش ۋاستىلىرى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، بۇ قىسىم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىشى لازىم، بۇ تەقسىمات ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پەقەت سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئۈچۈنلا، بىز ھەر بىر ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىلىرىدىكى ھەسسىسى ئۇنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، دەپ پەرەز قىلىمىز. بۇنداق شارائىتتا ئەمگەك ۋاقتى ئىككى خىل رول ئوينىغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پىلانلىق تەقسىماتى تۈرلۈك ئەمگەك فۇنكتسىيىلىرى بىلەن تۈرلۈك ئىستىماللارنىڭ ئارىسىدا تېگىشلىكچە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئەمگەك ۋاقتى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ جەمئىي ئەمگەكتە ۋە دېمەك، پۈتۈن مەھسۇلاتنىڭ خۇسۇسىي ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمىدا، خۇسۇسىي قاتنىشىشىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە ۋە ئۆز ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ، تەقسىماتتىمۇ ئوچۇق ئاي-

www.uyghurkitap.com

دىك بولۇپ قېلىشىۋېرىدۇ»①. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى بەلگىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى، شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلغان ئەمگىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىنى يۈرگۈزۈپ، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەن ئاز ئېلىش، ئەمگەك ئىقتىدارى بار بارلىق كىشىلەردىن كىم ئىشلىمىسە، شۇ چىشلىمەسلىكنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان كاپىتالىستىك جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق كۆرۈنىدۇ.

(2) كەلگۈسى جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىدۇ.

2 - تومنىڭ 18 - بابىدا، ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ئىجتىمائىي جامائەت مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى «قايسى مىقياستا ئېلىپ بېرىش»نى بەلگىلىشى، شۇ ئارقىلىق «جەمئىيەت ئەمگەك كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى باشقا - باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى» ② لازىم. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىسبەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 20 - باپتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مۇبادا، ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىستىك بولماستىن، ئىجتىمائىي جامائەت مۈلۈكچىلىكىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ناھايىتى روشەنكى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىرىنچى تۈردىكى بۇ مەھسۇلاتلار ئوخشاشلا، ئۈزلۈكسىز ھالدا تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى قىلىنىپ، بۇ تۈرنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ، بىر بۆلۈكى، بىۋاستە بۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تارماقتا قالدۇرۇلىدۇ. يەنە بىر قىسمى باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا كۆچۈرۈلىدۇ. شۇڭا، بۇ تۈرنىڭ باشقا - باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا، بىر خىل ئۈزلۈكسىز بولغان مۇكەممەل ھەرىكەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ»③. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىشى، سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي قانۇنى بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. پىلانلىق ئىگىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش (كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەتنى نىسبەت

① «كاپىتال» 1 - توم، 123 - بەت.
② «كاپىتال» 2 - توم، 396 - بەت.
③ «كاپىتال» 2 - توم، 473 - ، 474 - بەتلەر.

دىك بولۇپ قېلىشىۋېرىدۇ»①. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى بەلگىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى، شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلغان ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىنى يۈرگۈزۈپ، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەن ئاز ئېلىش، ئەمگەك ئىقتىدارى بار بارلىق كىشىلەردىن كىم ئىشلىمىسە، شۇ چىشلىمەسلىكنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئاساس قىلىنغان كاپىتالىستىك جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق كۆرۈنىدۇ.

(2) كەلگۈسى جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىدۇ.

2 - تومنىڭ 18 - بابىدا، ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ئىجتىمائىي جامائەت مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى «قايسى مىقياستا ئېلىپ بېرىش»نى بەلگىلىشى، شۇئارقىلىق «جەمئىيەت ئەمگەك كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى باشقا - باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى» ② لازىم. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىسبەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. 20 - بابتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مۇبادا، ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىستىك بولماستىن، ئىجتىمائىي جامائەت مۈلۈكچىلىكىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ناھايىتى روشەنكى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىرىنچى تۈردىكى بۇ مەھسۇلاتلار ئوخشاشلا، ئۈزلۈكسىز ھالدا تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى قىلىنىپ، بۇ تۈرنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ، بىر بولۇگى، بىۋاستە بۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تارماقتا قالىدۇرۇلىدۇ. يەنە بىر قىسمى باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا كوچۇرۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ تۈرنىڭ باشقا - باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا، بىر خىل ئۈزلۈكسىز بولغان موكىسىمان ھەركەت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ»③. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىشى، سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي قانۇنى بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. پىلانلىق ئىگىلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش (كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەتنى نىسبەت

① «كاپىتال» 1 - توم، 123 - بەت.

② «كاپىتال» 2 - توم، 396 - بەت.

③ «كاپىتال» 2 - توم، 473 - ، 474 - بەتلەر.

بويىچە راۋاجلاندۇرۇش) تەلەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ نىسبەت بولۇشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىشنى نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇش — ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاچقۇچى. كاپىتالىزم ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ دەۋرلىك سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە بولۇپ، نىسبەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىسبىي ئېشىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ پارتلىشىدىن ساقلىنىش تەس، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىنەزەر خاتا.

(3) كەلگۈسى جەمىيەتتە، ھېساۋات بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

2 - تومنىڭ 6 - بابىدا ماركس كەلگۈسى جەمىيەتتىكى ھېساۋاتنىڭ مۇھىم رولىنى ئالاھىدە مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: ئىشلەپچىقىرىش «جەريانى قانچىكى ئىجتىمائىي مىقياستا ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ خۇسۇسىيلىق خاراكتېرىنى شۇنچە يوقىتىدۇ. جەرياننىڭ كونترول قىلغۇچىسى ۋە ئىدىيىنىڭ يەكۈنچىسى بولغان ھېساۋات تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ؛ شۇڭا، ھېساۋات كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن، قول سانائەت ۋە دېھقانلارنىڭ تارقاق ئىشلەپچىقىرىشىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا نىسبەتەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىكىدىنمۇ زۆرۈر بولىدۇ»①. ماركس يەنە 3 - تومنىڭ 49 - بابىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى يوقالغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ساقلانغان شارائىتتا، قىممەت بەلگىلىمىسى تۆۋەندىكى مەنىلەردە يەنىلا يېتەكچى رول ئوينايدۇ: ئەمگەك ۋاقتىنى تەڭشەش ھەم ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ تۈرلۈك پەرقلىق ئىشلەپچىقىرىشلار ئارىسىدىكى تەقسىماتى. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېساۋات، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ مۇھىم بولىدۇ.»②

ئېلىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى، خەلق ئىگىلىكىنى مەزمۇت قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي خىزمەتنى بارغانسېرى ئىنچىكە ئىشلەشنىڭ لازىملىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، ھېساۋاتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك ھېساۋاتىنى كۈچەيتىش تامامەن زۆرۈر. مەركەز شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، بۇنىڭدىن كېيىن سۈرئەتنى بىر قەدەر ئەمەلىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى، خەلق تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالالايدىغان يېڭى

① «كاپىتال» 2 - توم، 152 - بەت.

② «كاپىتال» 3 - توم، 963 - بەت.

يولدا مېڭىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، ئوبوروت ساھەلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن ئاشۇرۇش يادرولۇق مەسىلە بولۇپ قالدى.

(4) كەلگۈسى جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇۋاپىق زاپاس بولۇشى لازىم.

2 - تومنىڭ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدىكى نەزەرىيە قىسمىدا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى بولغان ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتى تەھلىل قىلىنىشى بىلەن بىللە، كەلگۈسى جەمئىيەتتە مۇۋاپىق زاپاس بولۇشنىڭ تامامەن زۆرۈر ئىكەنلىكىمۇ كۆرسىتىلگەن. «مۇبادا تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى كاپىتالىستىك شەكىل ئەمەلدىن قالسا، مەسىلە تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلىنىدۇ: ھاياتى ئاياقلاشقان بولسىمۇ، ماددى نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇلىدىغان بىر قىسىم تۇراقلىق كاپىتال (بۇ يەردە ئىستېمال ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا، فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىدىغان تۇراقلىق كاپىتال كۆزدە تۇتۇلىدۇ) سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى يىلدىن - يىلغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر يىلدا سانى ناھايىتى كۆپ بولسا (ئىنسانلار كۆپىيىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆلۈش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش)، كېيىنكى يىلدا جەزمەن ناھايىتى ئاز بولىدۇ. باشقا شەرتلەرنى ئۆزگەرمىدى دەپ قىياس قىلغاندىمۇ، ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىشىدا ئېھتىياجلىق بولغان خام ئەشيا، يېرىم تەييار مەھسۇلات ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ سانى بۇنىڭ بىلەن كېمەيمەيدۇ؛ شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئومۇمى سانى بىر ئورۇندا ئاشۇرۇلسا، يەنە بىر ئورۇندا ئازايتىلىشى لازىم. بۇ خىل ئەھۋال پەقەت ئۈزلۈكسىز، نىسبى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى ئارقىلىقلا ئورنىغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ بىر تەرەپتىن، بىۋاستە ئېھتىياجدىن ئارتۇق بولغان مۇئەييەن مىقداردا كاپىتال ئىشلەپچىقىرىش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بولۇپمۇ، خام ئەشيا قاتارلىقلارنىڭ زاپىسىمۇ ھەر يىللىق بىۋاستە ئېھتىياجدىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك (بۇ نۇقتا، تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا ئالاھىدە باپ كېلىدۇ). بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىشىدا زۆرۈر بولغان تۈرلۈك ماددى ماتېرىياللارنى كونترول قىلغانلىقى بىلەن تەڭ. لېكىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ موھىم بىر ئامىلى بولىدۇ»①. بۇنىڭدىن، ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كاپىتالىزىم

① «كاپىتال» 2 - توم، 527 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شارائىتتا، ئىشلەپچىقىرىش ئوششۇقچىلىقى بولسا، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى شارائىتىدىكى مۇۋاپىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئوششۇقچىلىقى بولسا، زۆرۈر بولغان بىر خىل زاپاستۇر. بولۇپمۇ، بىزنىڭ يېرى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئېلىمىزدە، ئىشلەپچىقىرىشتىلا خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قالماستىن، تەبىئىي ئاپەتمۇ كۆپرەك بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق زاپاسنىڭ بولۇشى تامامەن زۆرۈر.

(5) كەلگۈسى جەمئىيەتتە، زۆرۈر ئەمگەك يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ، بەلكى ئەمگەكمۇ تەدرىجىي ئومۇملىشىپ بارىدۇ.

1 - تومنىڭ 15 - بابىدا، كاپىتالىزىمنىڭ ئىش ۋاقتى مەسىلىسى بايان قىلىنىپ كېلىپ، مۇنۇلار كۆرسىتىلىدۇ: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ يوق قىلىنىشى ئىش كۈنىنى زۆرۈر ئەمگەك بىلەن چەكلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بىراق، بۇ ھالدا، باشقا شارائىتلار بىر خىل بولغاندا، زۆرۈر ئەمگەك ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىشى لازىم. بىر تەرەپتىن، ئىشچىنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرى بايراق بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى ئېشىشى لازىم. ئىككىنچى تەرەپتىن، ھازىرقى قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ بىر قىسمىنى، يەنە ئىجتىمائىي زاپاس فوندى بىلەن جەمغۇرۇش فوندىنى يارىتىش ئۈچۈن، كېرەك بولغان ئەمگەكنى زۆرۈر ئەمگەككە قوشۇشقا توغرا كېلەتتى» ①. بۇ يەردە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر تەرەپتىن ئۆزى ئۈچۈن ئەمگەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئىككىسى شەكىلدە پەرقلىق بولسىمۇ، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئوخشاش، جەمئىيەت ئۈچۈن قىلىنغان ئەمگەك جەمئىيەتنى جۇغلانما فوندى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاخىرقى ھېساپتا، بۇ يەنىلا «خەلقتىن ئېلىنىپ، خەلققە ئىشلىتىلىدۇ». دېمەك، ئۇ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئەمگەكچىلەرنىڭ زۆرۈر ئەمگىكىدۇر. بۇ خىل زۆرۈر ئەمگەك ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتىنى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

«كاپىتال»دا، يەنە ئاساسەن كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدە بۇرژۇئازلار ئەمگەككە قاتنىشماي تەييارغا ھەييار بولۇپ، پەقەت ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغان كاپىتالغا تايىنىپلا، نۇرغۇن پايدا ئېلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋالىدىغان بولغاچقا، ئەمگەكچىلەرنىڭ يۈكىنىڭ بەكمۇ ئېغىرلاپ كېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدە بولسا، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە كىشىنى كىشى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھادىسە يوقىتىلىپ،

① «كاپىتال» 1 توم، 2 - كىتاپ 258 - بەت.

ئەمگەكچى خەلق جەمئىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. شۇڭا، ئەمگەك ئومۇمىلىق ۋە بىۋاستە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولدى. ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەمگەكنىڭ ئەينى سىجىللىقى ۋە ئۈنۈمدارلىق كۈچى مەۋجۇت بولغىنىدا، ئەمگەك جەمئىيەتنىڭ ئىشىغا قابىل بولغان بارلىق ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا قانچە باراۋەر تەقسىملەنگەن بولسا، تەبىي ئەمگەك زورۇرىيىتىنى بىر ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ ئۆز ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئىككىنچى بىر ئىجتىمائىي تەبىقە ئۈستىگە يۈكلەش ئىمكانىيىتى قانچە كەم بولسا، ئىجتىمائىي ئىش كۈنىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زورۇر بولغان قىسمى شۇنچە قىسقا بولىدۇ. دېمەك، شەخسنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن قالغان بوش ۋاقىت شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەممىنىڭ ئەمگەك قىلىشى، ئىش كۈنىنى قىسقارتىشى ئۈچۈن مۇتلەق چېگرادۇر. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە بىر سىنىپنىڭ بوش ۋاقتى ئاممىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىش ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ»①. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كاپىتالىستىك تۈزۈم يوقىتىلىپ، ئىشلىگەنلەر چىشلىمەي، ئىشلىمىگەنلەر چىشلەيدىغان ئۇنداق ھالەت تۈپتىن ئۆزگەرتىلگەندىلا، ئەمگەك ئومۇملىشالايدۇ ۋە جەزمەن ئومۇملىشىدۇ.

(6) كەلگۈسى جەمئىيەتتە، نىسبىي ئاھالە ئارتۇقچىلىقىنى توگەتكىلى بولىدۇ.

كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، كۆپ مىقداردىكى ئەمگەكچى ئاھالىنىڭ نىسبىي ئارتۇقچىلىقى — كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇقەررەر ئاقىۋەت. لېكىن «ئەگەر ئەتىگە ئەمگەك ھەممە يەردە مۇۋاپىق مىقداردا يەتكۈزۈلۈپ چەكلىنىدىغان بولسا ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۈرلۈك تەبىقىلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېشىغا ۋە جىنسىغا قاراپ دەرىجىلەر بەلگىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنى ھازىرقى مىقياستا داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەۋجۇت ئىشچى ئاھالىسى مۇتلەق كەملىك قىلىپ قالاتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا ‹ئۈنۈمسىز› بولغان ئىشچىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپچىلىكىنىڭ ‹ئۈنۈملۈك› ئىشچىلارغا ئايلىنىشى لازىم بولاتتى»②. سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، ئومۇمىيۈزلۈك مۇۋاپىق سەۋىيەدە چەكلەش ھەمدە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرى ئىچىدە يېشى ۋە جىنسىغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئەمگەكچى ئاھالىنىڭ نىسبىي ئارتۇقچىلىقىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

(7) كەلگۈسى جەمئىيەتتە، ئەمگەكچىلەر تېخىمۇ كۆپ تەربىيەگە ئىگە قىلىن-

① «كاپىتال» 1 - توم، 2 - كىتاپ 258 - بەت.

② «كاپىتال» 1 - توم، 2 - كىتاپ 437 - بەت.

نىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەربىيىلەش بىرلەشتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائارىپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ھەم ھەر تەرەپلىمە كامال تاپقان ئىختىساسلىق كىشىلەر يېتىشتۈرۈلىدۇ.

ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر كاپىتالىدىن مەجبۇرى تارتىۋېلىنغان ۋە بىرىنچى يان بېرىش دەپ ھېساپلانغان فابرىكا قانۇنچىلىقى فابرىكا ئەمگىكىنى باشلانغۇچ تەلىم بىلەن بىرلەشتۈرسە، ئۇ ھالدا، ھېچقانداق شۈبھە يوقكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەتنى مۇقەررەر يوسۇندا قولغا ئېلىشى، ئىشچى مەكتەپلىرىدىمۇ نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تېخنولوگىيە تەلىمى ئۈچۈن تېگىشلىك ئورۇن ئىگەللەيدۇ»①. شۇنىڭدەك كەلگۈسى جەمئىيەتتە، «كەلگۈسىدە مەلۇم ياشتىن ئاشقان ھەممە بالىلار ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىش بىلەن بىللە تەلىم ئالىدۇ ۋە گىمناستىكا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ بولسا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ۋاستىلىرىدىن بىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەر تەرەپلىمە كامال تاپقان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ بىردىن بىر ۋاستە بولىدۇ»②. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مائارىپ فاڭجېنىمىز — مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك ئاڭغا، مەدەنىيەتكە ئىگە ئەمگەكچىلەرنى، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك كامال تاپقان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىز يۇقۇرىدا، «كاپىتال»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كەلگۈسى جەمئىيەت ھەققىدىكى تۆرلۈك ئىلمىي مولچەرلەرنى پەقەت 7 جەھەتتىنلا قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتتۇق. بۇ «كاپىتال» نىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. دەرۋەقە، ماركس ياشىغان تارىخىي دەۋردە، سوتسىيالىزمنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى كۆرۈلمىگەچكە، ئۇنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتنى تەپسىلىي، كونكرېت تەسۋىرلەپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ لوگىكىلىق تەھلىلى چىقارغان مۇقەررەر يەكۈنى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇلار بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، — «سىرلىق ھوكۇم — ئەپسانە، لېكىن ئىلمىي ھوكۇم — پاكىت»③.

## 3

ماركسنىڭ ئەسىرى — «كاپىتال»نىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىسات ئۇ-

① «كاپىتال» 1 - توم، 2 - كىتاپ 198 - بەت.
② «كاپىتال» 1 - توم، 2 - كىتاپ 189 - بەت.
③ «لېنىن ئەسەرلىرى» 27 - توم، 462 - بەت.

چۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئېنىق. شۇڭا، «كاپىتال»نىڭ
بۈگۈنكى كۈندىكى رېئال ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەرقانـ
دىغى پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، بەلكى خاتا.

لېنىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «كاپىتال» نىڭ سوتسىيالىزىم
ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن چېغىمىزدا، «كاـ
پىتال»نى ئاددىي ھالدا، سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىسات بىلەن ئوخشاش دەپ
قارايدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىمۇ ھەرگىز توغرا دەپ قارىمايمىز. ئاددىيلا ئىنكار قىـ
لىۋېتىش خاتا. شۇنىڭدەك، مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس. بىز
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتا
چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ماركس تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ ئاساس سالغۇچىسى بولـ
سىمۇ، كەلگۈسى ئىشلارنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ كېتەلمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە بىزـ
نىڭ ماركسنىڭ «كاپىتال»ىدىن بۈگۈنكى رېئال مەسىلىلەرئۈچۈن تەييار جاۋاپ ئىزلـ
شىمىزمۇ ھاجەتسىز. لېنىن بىزگە: «ماركس قىلچىمۇ ئۇتوپىيە پەيدا قىلىشنى، بىـ
لىشكە مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى قۇرۇق تەسەۋۋۇر قىلىشنى ئويلىمىغان. ماركسـ
نىڭ كوممۇنىزىم مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، خۇددى تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ
مەلۇم بىر يېڭى جانلىق ئورگانىزىم تۈرىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا
قويغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىز بۇ تۈرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەمدە
قايسى نىشانغا قاراپ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىمىز»①، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى.
بۇ نۇقتىدا توغرىسىدا ماركسمۇ كەلگۈسى جەمئىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان كونكرېت
باسقۇچلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ: «بۇ ئەلۋەتتە، كىشىلەر پائالىيەت ئېلىپ
بېرىشقا مەجبۇر بولغان ئاشۇ ئالاھىدە تارىخىي مۇھىتقا باغلىق. لېكىن،
ھازىر بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇترۇقسىزلىق بولغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئەمەلىـ
يەتتە، بىر خىل خام خىيال مەسىلىسىدىن ئىبارەت»② دېگەن ئىدى. شۇڭا، ئىلگىرىكى
كىشىلەردىن، بۈگۈنكى كۈندىكى پۈتكۈل رېئال مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىشنى بەكـ
مۇ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماسلىقىمىز لازىم. «كاپىتال»دىكى كەلگۈسى جەـ
مئىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي ھۆكۈملەرمۇ پەقەت بىر تەخمىنىي كۆرۈنۈش، ئادەتتىكىـ
چە قائىدە ـ پىرىنسىپلار بولۇپ، لوگىكىلىق تەھلىلنىڭ مۇقەررەر يەكۈنىدۇر. سوتـ
سىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىساتنى بەرپا قىلىشتا، ھەقىقىي ۋەزىپە يەنىلا مۇشۇ سوتـ
سىيالىزىم دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشمەكتە. ھالبۇكى، ماركسنىڭ
«كاپىتال»ى توغرا نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ، مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساس
سېلىپ بەردى. دېمەك، سوتسىيالىستىك سىياسىي ـ ئىقتىسات بىناسىنى قۇرىمىز دەيـ

① «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 3 ـ توم، 243 ـ بەت.
② «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 35 ـ توم، 154 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكەنمىز، ئالدى بىلەن سوتسىيالىزىمنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى ئېچىپ بېرىشىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، «كاپىتال»نى ئۆگىنىش ۋە تەھلىل قىلىش جەريانىدا، يەنە توغرا مەيدان، قاراش ۋە ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزلىنىشىمىز ھەمدە بۇگۈنكى كۈنگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىلمىي بايانلار ئۈستىدە ئىزلىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدىمىزگە يېتىپ، ماركسىزىمغا ھەقىقى تۈردە ۋارىسلىق قىلالايمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرالايمىز.

ئىنسان ئادەتنى باشقۇرۇشى كېرەككى، ھەرگىز ئادەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلماسلىقى كېرەك.

**— ئوستروۋىسكى**

قاتتىق تەلەپلىك كىشى ئالىجاناپ كىشىلەرنىڭ ھەركىتىنى دورايدۇ، زاڭ — ئاخماق كىشىلەر پەسكەش كىشىلەرنىڭ ھەركىتىنى دورايدۇ.

**— ئارستوتېل**

مۇستەقىل پىكىر قىلىش ھەمدە مۇستەقىل ھوكۇم قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئومۇمى ئىقتىدارنى راۋاجلاندۇرۇش باشتىن ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەككى، ھەرگىز مەخسۇس كەسپىي بىلىملەرگىلا ئېرىشىش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**— ئېينىشتېين**

روھسىزلىقتىن ئۈمىتسىزلىك تۇغۇلىدۇ، ئۈمىتسىزلىكتىن ئىكىللىنىش تۇغۇلىدۇ، ئىككىللىنىشتىن مەغلۇبىيەت تۇغۇلىدۇ.

**— بېكون**

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دىسەڭ، ئىرادەڭ دوستۇڭ بولسۇن، تەجرىبىلىرىڭ مەسلىھەتچىڭ بولسۇن، ئېھتىياتچانلىقىڭ ھەمرىيىڭ بولسۇن.

**— ئېدىسون**

ئۆز ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قالماسلىق ھەرقانداق ھەقىقى تالانت ئىگىسىنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتىدۇر.

**— چېخوپ**

ئادەمنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ياخشى دورا دوستلارنىڭ سەممىي سوزى ۋە نەسىھىتىدۇر.

**— بېكون**

ئەگەردە بەخت — سائادەت جىسمانى جەھەتتىكى ھوزۇرلىنىشقا قارىتىلغان بولسا، ئۇ ھالدا: كالىنىڭ ئوت-چوپكە ئېرىشكەن ۋاقتى ئۇنىڭ بەخت سائادەت تاپقان چېغىدۇر دىيىشكە توغرا كېلىدۇ.

**— ھېراكلىت**

# پەنشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

زارىپ دۆلات

پارتىيىمىزنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيى مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكىنى ئىلمىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك نۇقتىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىلمىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتىدا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ھالدا ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان، ئۇنىڭ رولىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدىغان فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئۇسۇلغا مۇھتاجمىز. بۇ مەسىلىدە ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچىلىكىدىن تاشقىرى يەنە پەنشۇناسلىققا تايانماي بولمايدۇ. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەنىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكتسىيىسى ۋە تەرەققىياتىغا زۆرۈر بولغان شەرت ـ شارائىت، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي نەتىجىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەنشۇناسلىق تەتقىقاتى مەزمۇنىغا ياتىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ تېما، بۇ ماقالىدا مەن پەنشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە قىسقىچە ۋە يۈزەكى ھالدا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

پەنشۇناسلىق تەتقىقاتى پەنلەر تارىخىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا ئالدى بىلەن پەن تارىخى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمقى زاماندىن تارتىپ يېقىنقى زامانغىچە مەيلى غەرپتە ياكى شەرقتە بولسۇن، تەبىئەت پەنلىرى «پەنلەرنىڭ پەنى» دەپ ئاتالغان بىر پۈتۈن پەلسەپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تەبىئەت پەنلىرى تېخىمۇ بوغۇلۇپ دىنىي سخولاستىك پەلسەپىنىڭ (مەدرىسە پەلسەپىسىنىڭ) «دېدەك قىزى»غا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ چاغدا كىشىلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىنى پەقەت بىۋاستە كۆزىتىش ئاساسىدا تومتاق چۈشىنەتتى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، بولۇپمۇ،

XVI ئەسىردىن باشلاپ XIX ئەسىرگىچە ياۋروپا ئەللىرىدە (بەزى شەرق ئەللىرىدە بۇنىڭدىن خېلىلا ئىلگىرى) ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن كىشىلەر ماددىنىڭ ھەرخىل ھەركەت شەكىللىرىنى ساھە ۋە تۈرلەرگە ئاجراتقان ھالدا تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى تەبىئەت پەنلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى ھەم ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پەيلەسەپە «چوڭ ئائىلە»سىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىلمىي تەجرىبىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بۆلۈنۈپ چىقىش بارغانسېرى تېزلىدى. بۇ بىر تارىخىي دەۋردە (تەخمىنەن 400 يىل) تەبىئەت پەنلىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن نەزىرىيىۋى تەپەككۇر جەھەتتە ئومۇملاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلەلمىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيا قاراش جەھەتتە، شۇ تارىخىي دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، مېتافىزىكىلىق (گەرچە ماتېرىيالىستىك بولسىمۇ) ئۇقۇملارنى ساقلاپ تۇردى. «ئۆزىنىڭ ئايرىملىقلارنى بىلىشتىن بىر پۈتۈنلۈكنى بىلىش ئومۇمىي مۇناسىۋەتلەرنى بايقاش يولىنى ئېتىۋەتتى①». لېكىن بۇ ماقالىدا مەن بۇ كېيىنكى مەسىلىگە توختالمايمەن.

يەنە بىر جەھەتتىن، XIX ئەسىردىن ئىلگىرى پەن - تېخنىكا ۋە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندى. پەندە نەزىرىيىۋى جەھەتتە تېخىچە تولۇق ھەل بولمىغان بەزى مەسىلىلەر تېخنىكىدا ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى (مەسىلەن، ئەنگلىيىدىكى پار ماشىنىسى ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى) ياكى پەندە بەزى قانۇنىيەتلەر كەشىپ قىلىنغان بولسىمۇ، تېخنىكىدا دەرھال قوللىنىلمىدى.

ئۈچىنچى جەھەتتە، ئۇ چاغلاردا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى دەرھال ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىپ كېتەلمەيتتى. يۇقۇرقىلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، XV ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە پەنگە قارىتا ئومۇملاشتۇرۇلغان تونۇش تېخى شەكىللەنمىگەن (پەن ئۆز ئۆزىنى بىلمىگەن)؛ پەن بىلەن تېخنىكا بىرلىشەلمىگەن؛ دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پەن - تېخنىكىنى تەشكىللەپ باشقۇرۇش ئېھتىياجى كۈنتەرتىۋىگە قويۇلمىغان بىر ھالەتتە ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەبىئەت پەنلىرى بىر يېڭى — ئۇچقاندەك تەرەققىيات رېلىسىغا چۈشتى. پەن بىلەن تېخنىكا زىچ بىرلىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. تېخنىكا بارغانسېرى نەزىرىيىۋى تەتقىقات ۋە ئىلمىي ئىزلىنىشكە باغلىنىشلىق ۋە مۇھتاج بولدى. شۇنداقلا نەزىرىيىۋى ئىزلىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەتقىقات ۋاستىلىرى ۋە تەجرىبە ئەسۋاپلىرى جەھەتتە تېخنىكىغا مۇھتاج بولدى. نەتىجىدە پەن بىلەن تېخنىكا تەدرىجى

① ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» 1971 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 30 - بەت.

ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى؛ ئۆز
ئارا بىرلەشكەن پەن بىلەن تېخنىكا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەق-
قىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم پىشاڭغا، بەلكى بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش
كۈچىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىشى
بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى
سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەننىڭ ئۆزىمۇ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ-
كە ئىگە بولدى. پەندە تەبىئەتكە قارىتا كەڭ كۆلەمدە ۋە چوڭقۇر دەرىجىدە يۈرۈش
بولدى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەررەرلىك ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتۈشى-
دىكى دەۋر بۆلگۈچ بىر قەدەم بولادى. دەرۋەقە ماركسىزىم ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ
ۋۇجۇتقا كېلىشىمۇ، XIX ئەسىردە تەبىئەت پەنلىرى ئېرىشكەن ئالەمشۇمۇل مۇ-
ۋەپپەقىيەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىلگىرى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بىلىش چوڭقۇرلۇغى كىچىكلىك جەھەتتە
ئاتومدىن نېرىغا ئۆتەلمىگەن بولسا، ئەمدى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX
ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، رادىئاكتىپ ئېلېمېنتلار ۋە ئاتوم يىمىرىلىش ھادى-
سىسى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم كەشپىياتلار نەتىجىسىدە، ئاتومنى ماددىنىڭ
ئەڭ ئېلېمېنتار پارچىلانماس مەنبەئىسى دەپ قارايدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشقا
خاتىمە بېرىلدى. پەندە مىكرو ۋە كوسموس ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىندى. نىسبى-
لىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت مېخانىكىسى ئاساسىدا ئاتومنىڭ ۋە ئاتوم يادروسىنىڭ
قۇرۇلمىسى ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئېھتىياجى بىلەن
ئاتوم فىزىكىسى، ئاتوم يادرو فىزىكىسى ۋە كۋانت خىمىيىسى قاتارلىق يېڭى
تارماق پەنلەرمۇ ۋۇجۇتقا كەلدى. XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن كېيىن
ئارقا - ئارقىدىن بىر قاتار يېڭى ئاساسىي زەررىچىلەر كەشىپ قىلىنىپ، ئۇنى
تەتقىق قىلىدىغان ئاساسىي زەررىچىلەر فىزىكىسى بارلىققا كەلدى. 60 - يىللار-
دىن كېيىن ئىلگىرىكى ئاساسىي زەررىچىلەر ئەمدى ئاساسىي زەررىچە بولماي قال-
دى. شۇنىڭ بىلەن ئالىملار مىكرو دۇنيانىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىرىنىڭ سى-
رىنى ئىزلىمەكتە.

كوسمىك دۇنيانى تەتقىق قىلىش جەھەتتە رادىئو تېلىسكوپ قاتارلىق ئىلغار
كۆزىتىش ئەسۋاپلىرى ئارقىلىق يەر شارىدىن ئون مىلليارت يورۇقلۇق يىلىدىن
ئارتۇق يىراقلىقتىكى ئالەم جىسىملىرىنى كۆزىتەلەيدىغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ
كائىناتنى تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىن ئومۇمىي
يۇلتۇزلار سىستېمىسىغا كېڭەيدى. نەتىجىدە رادىئو ئاسترونومىيە، ئالەم جىسىملىرى
خىمىيىسى، ئالەم بىئولوگىيىسى قاتارلىق يېڭى پەنلەر بارلىققا كەلدى.

ھازىرقى زامان بىئولوگىيىسى ھاياتلىق ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى مالېكولا

www.uyghurkitap.com

سەۋىيىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولدى. ھەممە ھاياتلىق ھادىسىسى كۋانت (量子) سەۋىيىسىدىن ئىزلىنىشنى باشلىۋەتتى.

نۆۋەتتە، ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن تەبىي پەنلەر ۋە تېخنىكىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. تەبىي پەنلەردىكى ئۇقۇملار ۋە ئۇسۇللار ئىجتىمائىي پەنلەرگە سىڭىپ كىرىپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ نەزىرىيىۋى ئەينىكى ۋە مۇھىم ۋاستىسىغا ئايلانماقتا. تەبىەت پەنلىرى تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھاسىل قىلغان ئىجتىمائىي نەتىجە ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىق قىلىدىغان تېما بولۇپ قالدى. ئىلمىي ئەمگەك بارغانسېرى ئىجتىمائىيلاشماقتا. ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ـ قىلالماسلىق ـــ پەن ـ تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاقىدار مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى تەبىي پەنلەر تەرەققىياتىغىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن ـ تېخنىكىنىڭ مىسلىسىز تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە، ئىلىم ـ پەن بارغانسېرى ئىجتىمائىيلاشماقتا، شۇنداقلا، پۈتۈن جەمىيەتمۇ ئىلمىيلاشماقتا. پەن ـ تېخنىكا بىلەن پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارغانسېرى زىچ بىرلىشىشى ـــ بۇ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخ دىئالېكتىكىسى. ماركس ئېلگىرىلا: «ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ» ①، پەندىكى «ھەر بىر كەشپىياتنىڭ ھەممىسى يېڭى ئىجادىيەت ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ نېگىزى بولۇپ قالدى» ② دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ بارغانسېرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىشىشى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى غايەت زور بىر «بىلىم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىقتىسادىي تارماق» قا ئايلاندۇردى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پائالىيەت شەكلى بولغان پەن ـ تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇردى. بۇ خىل بىرلىشىش ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا بىۋاستە تەسىر قىلىپ، پىلانېتىمىزنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەكتە. پەن ـــ پەقەت بىر مۇرەككەپ بولغان بىلىملەر سىستېمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەر-

① «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 1972 - يىل نەشرى، 23 - توم، 664 - بەت.

② ماركس: «ماشىنا، تەبىي كۈچلەر ۋە پەننىڭ قوللىنىلىشى» 1978 - يىل، خەنزۇچە نەشرى 206 - بەت.

يان، جەمىيەتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى، ئىنسانىيەت تايىنىپ ياشايدىغان ۋە راۋاجلانغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. مانا بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئۇلۇغ ماركس - ئېنگېلسلار مۇندىن يۈز يىلدىن ئارتۇق مۇقەددەم كۆرسىتىپ ئۆتكەن دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزىم ھەقىقەتلىرىنى رېئال پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىماقتا.

دېمەك، پەن — مۇشۇنداق غايەت زور ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئىشنى تەتقىق قىلىش تارىخىي ۋەزىپىسىنى بىرەر كونا پەن تارمىقى يەككە ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ؛ ئىلگىرىكى تەشكىلىي باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ۋاستىلىرىمۇ ئەمدى ماسلىشالماي قالدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن باشلاپلا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر: تەبىئەت پەنلىرىنى بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە، ئۇنىڭ خاراكتېرى، بەلگىسى، ئىجتىمائىي رولى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى، شۇنداقلا، پەن - تېخنىكىنى تەشكىلىي باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدە - پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇلىنى بىر پۈتۈن ھالدا يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر يېڭى پەننى تەسىس قىلىش زۆرۈرلىكىنى بارغانسېرى جىددىي ھېس قىلىشتى ۋە بۇ يولدا ئىزلىنىشلەر ئېلىپ باردى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي مۇقەررەرلىك نەتىجىسىدە، ئىنسانىيەت بىلىش تارىخى ئۇپۇق سىزىقىدىن بىر يېڭى پەن — پەنشۇناسلىق كۆتىرىلىپ چىقتى.

× × ×

ئالىملار تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ھەققىدە ئىلگىرىكى ئەسىرلەردىلا ئىزدىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىر مۇستەقىل پەن قىلىپ تەسىس قىلىش، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئىشى پەقەت XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. تارىختا بىرىنچى بولۇپ پولشالىق ئالىملار 1925 - يىلدىن باشلاپ بۇ يېڭى پەننىڭ ئاتىلىشى ھەققىدە «پەنشۇناسلىق» («Nauko na wstwo»)، «پەنلەر توغرىسىدىكى پەن» («Nakao nauke») دېگەن ناملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ يېڭى پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى ھەققىدىمۇ دەسلەپكى كۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پەنشۇناسلىقنىڭ ۋەتىنىنى پولشا دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، ھازىر خەلقئارادا ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى ج. د. بېرنال (1901 — 1971) ۋە ئامېرىكىلىق جەمىيەتشۇناس ر. ك. مېرتونلارنى پەنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلار دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلماقتا. چۈنكى ئۇلار پەنشۇناسلىق ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەر ئېلان قىلىپ، بۇ پەن ھەققىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىدىيىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بېرنال 1939 - يىلى مەشھۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسىرى «يەنىلەرنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكتسىيىسى» نى ئېلان قىلىپ، يەنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى كورسىتىپ ئۆتتى. يەنە يەنشۇناسلىق سىياسىتى، يەن - تېخنىكىنى تەشكىللەش باشقۇرۇش مەسىلىلىرىگە توختالدى. ئۇ يەنە 1954 - 1955 - يىللىرى «ئۆزىنىڭ يەن ۋە جەمىيەت»، «جەمىيەت تارىخىدىكى يەن» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، شۇ چاغقىچە بولغان يەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلىدى، يەنىنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى.

مېرتون 1935 - يىلى ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى «XVII ئەسىردىكى ئەنگلىيىنىڭ يەن - تېخنىكىسى ۋە جەمىيىتى» نى تاماملاپ، ئۇنىڭدا يەنشۇناسلىقنىڭ بىر قاتار مەسىلىلىرىگە توختىلىپ ئۆتتى. بۇندىن كېيىن دۇنيا مىقياسىدا تۇرغۇزۇلغان تەبىي يەن، ئىجتىمائىي يەن ۋە يەنلەر تارىخى ساھەسىدىكى ئالىملار مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ھالدا يەنشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ قوشۇن بارغانسېرى زورايدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ، 60 - يىللاردىن باشلاپ، ھەرقايسى ئەللەردە يەۋقۇلئاددە كوپ مەبلەغ سېلىنغان ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى ئىلمي تەتقىقات پائالىيەتلىرى پىلانلىق، مەقسەتلىك تەشكىل قىلىندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتوم ۋودوروت ئېنېرگىيىسى، يۇقۇرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ئىلمى، كوسمولوگىيە قاتارلىق ئوتكۇر ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان يەنلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، بۇلارغا مۇناسىپ ھالدا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن يەنشۇناسلىق پۈتۈن ئىلىم - يەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبال مەنزىرىسى ئېچىلدى.

1964 - يىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بېرنالنىڭ «يەنىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكتسىيىسى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «يەنلەرنىڭ يەنى» ناملىق ماقالىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇنىڭدا ئاپتورلار يەنشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، يەنلەر تارىخى، يەن - تېخنىكىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسى مەنزىرىسى ھەققىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرگە توختالدى ھەمدە شۇ چاغدا ئىنتايىن جىددى ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرگە جاۋاپ ئىزلىدى. ئۇلار بۇ يەنىنى "يەنلەرنىڭ يەنى" دەپ ئاتىدى. 1965 - يىل ئاۋغۇست خەلقارا 11 - نوۋەتلىك يەن تارىخى ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىدا بېرنال يىغىننى ئېچىش نۇتقى سوزلىدى ھەمدە ئا. ل. ماكاي (بېرنالنىڭ ئىزباسارى) ئىككىسىنىڭ نامىدا «يەنشۇناسلىققا بارىدىغان يولدا» دىگەن تېمىدا دوكلات قىلىپ يەنشۇناسلىقنىڭ تەبىرى، خاراكتېرى، زو-

رۇرلىگى ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدىكى شەرت-شارائىت قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بۇ يىغىندىن كېيىن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيىلەر پەنشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى كەڭ قانات يايدۇرۇۋەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پەنشۇناسلىق ساھەسىدە كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ھازىر موسكۋا داشۆيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يىگىرمىدىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بۇ تەتقىق ئېلىپ بارماقتا. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1965-يىلدىن 1975-يىلغىچە پەنشۇناسلىق ساھەسىدە يۈزدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن-تېخنىكا تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغانلىرى ئەللىككە يېقىن. پەقەت 70-يىللار ئىچىدىلا پەنشۇناسلىق ساھەسىدە ئاز دېگەندە ئوندىن ئارتۇق مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلىندى. مەسىلەن: «پەن كەشپىياتلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تونۇش»، «ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق تەشكىللىنىشى»، «ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇشى»، «ئىلمىي تەتقىقاتنى باشقۇرۇش مەسىلىسى»، «پەنلەرنىڭ پەنى» (ئومۇمى پەنشۇناسلىققا مۇقەددىمە)، «ئىلمىي تەتقىقاتنى باشقۇرۇشنىڭ ئىقتىسادى، تەشكىلىي مەسىلىلىرى» قاتارلىقلار.

ياپونىيىمۇ پەنشۇناسلىقنىڭ تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ياپونىيىنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى، بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى پەنشۇناسلىق، جۈملىدىن باشقۇرۇش ئىلمى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ياپونىيىدە بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئادەتتە، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، توكيو سانائەت داشۆيىنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى قاتارلىقلار. ياپونىيىنىڭ «ھازىرقى زامان ياپونىيىنىڭ پەنى ۋە جەمئىيىتى» ناملىق ماقالىلار توپلىمى 1974-يىلى ئېلان قىلىنىپ، دۇنيا بويىچە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

مەملىكىتىمىزدە ئازاتلىقتىن كېيىن بىر قىسىم پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرى پەنشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ۋە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق بۇ ساھەدە زور بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلدى. پارتىيىمىزنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىلىش ئېھتىياجى بىلەن پەنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئۆگىنىش، تەشۋىقات، تەتقىقات جىددى ھالدا كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. 1979-يىلى بېيجىڭدا تۇنجى قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەملىكەتلىك پەنشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا پەنشۇناسلىقنىڭ تەبىرى، تەتقىقات ئوبيېكتى، زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنى، پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى، ئىلمىي تەتقىقات ئۇنۇمدارلىقىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى، سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە قوللىنىلىشى، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەسىلىسى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە كەڭ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى خېنېيدا 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك پەنشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بۇلاردىن كېيىن كۆپچىلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردا ئارقا - ئارقىدىن پەنشۇناسلىق تەتقىقات جەمىيەتلىرى قۇرۇلدى. جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ، 1982-يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەنشۇناسلىق ۋە پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇش تەتقىقات جەمىيىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەرنى قاناتيايدۇرماقتا. بېيجىڭ ۋە تيەنجىن پەنشۇناسلىق جەمىيەتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «پەنشۇناسلىق ۋە پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇش»، «ئىلمىي تەتقىقاتنى باشقۇرۇش» ناملىق ژورناللارنى نەشر قىلدى. 1979 - يىلى جۇڭگو ئىلمىي تەتقىقات باشقۇرۇش جەمىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. 1980 - يىلى بېيدەيخېدا تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇنىڭدا: پەن بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىلىم - پەن سىياسىتى، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى، باشقۇرۇش نەزەرىيىسى، ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلمىسى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «نۇر گېزىتى»، «پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇشنى بىر مەخسۇس كەسپ قىلىش لازىم» دېگەن تېمىدا ئوبزور ئېلان قىلدى. بۇ بىر قاتار خىزمەتلەر ئارقىلىق ئېلىمىزدە پەنشۇناسلىق تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان باشلىنىش ۋە دەسلەپكى نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

نۆۋەتتە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا پەنشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەتقىقات تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلانماقتا. نۇرغۇنلىغان تەبىي پەن ئالىملىرى، پەيلاسوپلار، پەن - تېخنىكا تارىخى ئالىملىرى، ئىقتىسادشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، ئىلمىي تەتقىقاتنى تەشكىللەش باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى تۈركۈملەپ بۇ تەتقىقات ساھەسىگە قاتنىشماقتا. پەنشۇناسلىق بىر خىل تەبىي پەنلەر، تېخنىكىۋى پەنلەر، پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىقلار چېگرىسىدىن ھالقىغان ھالدا، پەنگە قارىتا ئومۇملاشتۇرغان ھالدىكى تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان مۇستەقىل بىر پەنگە ئايلاندى.

× × ×

پەنشۇناسلىق نوۋەتتە (مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا مىقياسىدىمۇ) تېخى يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان يېپ - يېڭى بىر پەن بولۇش ئېتىۋارى بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، خاراكتېرى، ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ۋاھاكازالار توغرىسىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆز قاراشلار ئوخشىمايدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، مەملىكىتىمىزدە بىر قەدەر ئورتاق بولغان كۆزقاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھازىر مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: پەنشۇناسلىق — بىر پۈتۈن تەبىئەت پەنلىرىنىڭ (نېگىز پەنلەر، تېخنىكىۋى پەنلەر ۋە قوللىنىلىدىغان پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن، پەنشۇناسلىق بارلىق تەبىئەت پەنلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەيدۇ ھەمدە مۇشۇ ئومۇمىي قانۇنىيەتكە ئاساسلىنىپ ئىلمىي تەتقىقاتنى تەشكىلىي باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي قائىدە - پىرىنسىپ ۋە ئومۇمىي ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزلىنىدۇ. پەنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى — تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل بولغان تەرەققىيات يولىنى تېپىشتىن ئىبارەت. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، پەنشۇناسلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئايرىم ئامىللارنى ئاددىي ھالدا تەتقىق قىلماستىن، بەلكى پەننى بىر پۈتۈن ۋە مۇرەككەپ، مۇكەممەل سىستېما سۈپىتىدە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلىگۈچى ھەممە ئامىللارنى ۋە بۇ ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا رولىنى ئېچىپ بېرىدىغان پەن. شۇڭا، پەنشۇناسلىقنى تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ راۋاجلىنىش رولىنى ئېچىپ بېرىدىغان پەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

پەنشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇ تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بايان قىلىپ بېرىدۇ. بىر پۈتۈن پەننىڭ (تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر، تەپەككۇر پەنلىرى) خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، رولى ۋە سىستېما قۇرۇلمىسىنى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ پۈتۈن پەن سىستېمىسى قۇرۇلمىسىدا تۇتقان ئورنى ۋە مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئىلمىي تەتقىقات سىستېمىسى، ئىلمىي تەتقىقات ئەمگىكىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى، ئالىملارنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرت - شارائىتى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىل ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەردىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى، تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى، پەننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدىكى قىياس، ئىلمىي تەتقىقاتنى تەشكى-

www.uyghurkitap.com

لىي باشقۇرۇشنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپ ۋە ئومۇمىي ئۇسۇلى قاتارلىقلار.

پەنشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىغا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىككى چوڭ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان دېيىشكە بولىدۇ. بىرى نەزەرىيىۋى پەنشۇناسلىق، يەنە بىرى قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىق. نەزەرىيىۋى پەنشۇناسلىقمۇ ئۆز ئىچىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرى ئومۇمىي نەزەرىيە قىسمى بولۇپ، ئۇ تەبىئىي پەنلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بايان قىلىدۇ. يەنە بىرى تارماق نەزەرىيىۋى قىسمى بولۇپ، ئۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پەنشۇناسلىق ئىقتىساتشۇناسلىقىنى، پەنشۇناسلىق جەمئىيەتشۇناسلىقىنى، پەنشۇناسلىق سىياسىيشۇناسلىقىنى، پەنشۇناسلىق قانۇنشۇناسلىقىنى، پەنشۇناسلىق مائارىپ ئىلمىنى، پەنشۇناسلىق ئىختىساسشۇناسلىقىنى، پەنشۇناسلىق پسىخولوگىيىسىنى، پەنشۇناسلىق ئەخلاق ئىلمىنى، پەنشۇناسلىق لوگىكىسىنى، پەنشۇناسلىق ئىستېتىكىسىنى ۋاھاكازالارنى تەتقىق قىلىدۇ. قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىقمۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى ئىلمىي تەتقىقاتنى تەشكىللەش باشقۇرۇشنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بولۇپ، بۇ ئۆز ئىچىگە: فاڭجېن، سىياسەت، ئۇزاق ۋە قىسقا مۇددەتلىك پىلانلار، ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى، خىراجەت، ۋاستىلار، ئىنفورماتسىيە، تېمىلارنى تاللاش، تەشكىللەش جەھەتتىن تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشى ھەم كەلگۈسى تەرەققىيات ھەققىدىكى پەرەز قاتارلىق كونكرېت باشقۇرۇشنىڭ قائىدە ۋە پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئىلمىي تەتقىقاتنى تەشكىللەش باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى بولۇپ، مەسىلەن: ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئۇسۇلى، سىستېما قۇرۇلۇشى ئۇسۇلى، قىممىتىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. يۇقۇرقىلارنىڭ ئىچىدە نەزەرىيىۋى پەنشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسى پۈتۈن پەنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدۇر. نەزەرىيىۋى پەنشۇناسلىقنىڭ تارماق نەزەرىيە بۆلۈشى، ئاساسىي نەزەرىيىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم جارى قىلىنىشىدۇر. بۇ ئىككى قىسىم پەنشۇناسلىقنىڭ ئورتاق ھالدا قوللىنىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بۆلۈمىدا، قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىق تولۇق نەزەرىيىۋى يېتەكچىگە ئىگە بولالماي، نوقۇل تەجرىبىلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قالىدۇ. قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىقنىڭ باشقۇرۇش قائىدىلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئومۇمىي ئۇسۇللىرى — پەنشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يەكۈنى بولۇپ، ئۇ كونكرېت تەجرىبە ياكى تېخنىكىۋى ئۇسۇل ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇئەييەن يۇكسەك نەزەرىيە خاراكتېرىگە ئىگە، بەلكى قوللىنىشقا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىدۇر. نەزەرىيە-

ۋى پەنشۇناسلىق بىلەن قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پەقەتلا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەت.

نەزەرىيىۋى پەنشۇناسلىق قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىققا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇنداقلا، قوللىنىلىدىغان پەنشۇناسلىق نەزەرىيىۋى پەنشۇناسلىقنى راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، نەزەرىيە ۋە قوللىنىلىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى قىسىم ئاجرالماس ھالدا ئۆزئارا تەقەززا قىلىشىپ، بىر پۈتۈن پەنشۇناسلىقنىڭ سىستېما قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن پەنشۇناسلىق نۇقۇل ھالدا تەبىي پەنلەر دائىرىسىدىلا ئىش كۆرىدۇ، دىگەن مەنا چىقمايدۇ.

پەنشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ بىر پەننىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. پەنشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى — تەبىي پەنلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تارىخىي ماتېرىيالىزم يېتەكچىلىگىدىكى سىياسى - ئىقتىسات، تېخنىكا تەرەققىيات تارىخى، باشقۇرۇش ئىلمى، زامانىۋى ئىلمىي مېتودولوگىيە قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇنلىغان نۇقتىنەزەر ۋە پىرىنسىپلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — پەن، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، پەنشۇناسلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر ئىجتىمائىي پەن دەيمىز. بىراق، ئۇ تەبىي پەنلەر ۋە پەلسەپە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇ يەنە گىرەلەشكەن پەن خاراكتېرىگىمۇ ئىگە.

پەنشۇناسلىقنىڭ مۇشۇنداق گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ خاراكتېرى، بۇ پەننى بىر خىل «چوڭ پەن» قىلىپ قويىدى. ئۇنى پۈتۈن پەنلەر سىستېمىسىدا بىر خىل ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، نۇرغۇنلىغان پەنلەر بىلەن كۆپ تەرەپلىك ئالاقىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىر پۈتۈن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئەڭ ئومۇمى قانۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەن. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن پەنلەر سىستېمىسى قۇرۇلمىسىدا ئەڭ ئالى ئورۇندا ۋە ئەڭ يۇقۇرى قەۋەتتە تۇرىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاساسىي نەزەرىيىۋى قاراش ۋە ئەڭ ئومۇمى مېتودولوگىيە بولۇش ئېتىبارى بىلەن بارلىق تەبىي پەنلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تەپەككۇر پەنلىرىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى رول ئوينايدۇ، پەنشۇناسلىقمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. پەنشۇناسلىق دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ھەر ئۈچ تارمىقى (تەبىئەت دىيالېكتىكىسى، تارىخىي ماتېرىيالىزم، دىيالېكتىك لوگىكا) بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن پەن بولغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئاساسى نەزەرىيە ۋە مېتودولوگىيىسىنىڭ يېتەكچـ لىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

پەنشۇناسلىق گەرچە، تەبىئىي پەنلەرنى بىر پۈتۈنلۈك ھالدىكى بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت ھادىسىسى دەپ قاراپ، تەبىئەتنى تەتقىق قىلىشنى بىۋاسـ تە ئوبيېكت قىلمىسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىجتىمائىي پەنگە مەنسۇپ بولسىمۇ، بىـ راق، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەبىئىي پەنلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قانۇنـ يىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

پەنشۇناسلىقنىڭ بۇنداق ئالاھىدە خاراكتېرى زامانىۋى پەننىڭ ھەم ئۈزـ لۈكسىز بۆلۈنۈشى ھەم ئۈزلۈكسىز ئومۇملىشىشىنىڭ ئىنكاسى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاـ ھىدە خاراكتېرى ۋە ئورنى ئۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك رولغا ئىگە قىلىدى. ئۇ ھەم دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەم ئۇنى تەجرىبە ماتېرىياللىرى ۋە كونكرېت مەزمۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ تەبىئىي پەنـ لەر تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ھەم تەبىئىي پەنلەرنى، تەبىئىي پەن تارىخىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا ۋە تەپەكـ كۇر پەنلىرى تەتقىقاتىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ نەزەرىيە، ئۇسۇل، نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلايدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پەنشۇناسلىق تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تەپەككۇر پەنلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى سىخېما بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن.

**پەنشۇناسلىقنىڭ پەنلەر سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى**



پەنشۇناسلىق گەرچە كوپ تەرەپلىمە مۇناسىۋەت ۋە رولغا ئىگە بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ پەن خاراكتېرىنىڭ ئاساسەن ئىجتىمائى پەن بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىل ئىجتىمائى پەننىڭ ئاساسىي مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسى تەبىئى پەنلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل تەرەققىياتقا ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەنلىكىگىمۇ تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. پەنشۇناسلىقنىڭ مۇنداق كوپ تەرەپلىمە مۇناسىۋىتى ۋە رولى ھەممە ئۇنىڭ پەنلەر سىستېمىسىدا ئىگەللىگەن ئالاھىدە ئورنى ئۇنىڭ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى تەرەققىيات بىلەن، تەپەككۇر پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پەنشۇناسلىق ئاساسەن ئىجتىمائى پەن بولۇش ئېتىۋارى بىلەن ئۇ يەنە تەبىئى پەنلەر ۋە پەلسەپە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، شۇنداقلا، تارىخ، ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقلار بىلەن باغلىنىپ كېتىدىغان گىرەلەشمە پەن. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، پەنشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەلىۋى ۋە ئۇسۇلى بار.

پەنشۇناسلىق تەتقىقاتى پەن تارىخىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ پەن تەرەققىيات تارىخى جەريانىدىن، ھەرقايسى تەبىئى پەنلەر ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا پەننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. شۇڭا، تەتقىقات خىزمىتىدە پەن تارىخى بىلىمى ۋە تەبىئى پەن ئاساسىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا، ھازىرقى زامان پەن تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يۈزلىنىشىنى چۈشىنىش قىيىن بولىدۇ. پەن تەرەققىياتى ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى شەرھىلىگىلى بولمايدۇ.

پەنشۇناسلىق تەتقىقاتى ماركسىزىم پەلسەپىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت دىيالېكتىكىسى، تارىخىي ماتېرىيالىزىم، سىياسى ئىقتىسات ئاساسىي نەزەرىيىسى بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. بۇلارنى قوللىنىپ، پەن تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى، ئىجتىمائى فۇنكتسىيىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائى نەتىجىسىنى تەتقىق قىلىش، پەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى ئىگەللەپ، ئىلمىي تەتقىقات باشقۇرۇشىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئومۇمى قائىدە - پىرىنسىپ، ئۇسۇللارنى كونكرېت بايان قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، چەتئەللەرنىڭ پەنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاكتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئېلىمىز پەنشۇناسلىقى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

پەنشۇناسلىق تەتقىقات خىزمىتى زامانىۋى ئىلمىي ئۇسۇل ۋە ئىلغار

www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ۋاستە قىلىش لازىم. زامانىۋى پەن بىر ئومۇملاشقان، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ھالەتتىكى سىستېما. مۇنداق مۇرەككەپ سىستېمىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە تەتقىق قىلىپ، تەشكىلىي ھالدا باشقۇرۇش ئۈچۈن، يالغۇز تەجرىبە، ئادەتلەنگەن ئۇسۇل، مەمۇرىي ۋاستە ياكى يۈكسەك ئابستراكتلاشقان تەپەككۇر ئۇسۇلى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى زامانىۋى پەن تەرەققىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىلمىي ئۇسۇلنى: (مەسىلەن: سىستېمىلىق ئۇسۇلىنى، كىبېرنېتىكا ئۇسۇلىنى، ئىنفورماتسىيە ئۇسۇلىنى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى) قوللىنىش زۆرۈر بولىدۇ. د. س. پرىنسى (D·S·Price) ئۆزىنىڭ «پەن تەرەققىياتىنىڭ ئېكسپونېنسىيال نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلغاندىن بۇيان پەنشۇناسلىق ساھەسىدە ماتېماتىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. (مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلىش، مەبلەغ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي قىياس قاتارلىقلار) شۇڭلاشقا، سانلىق تەتقىقات ۋە ماتېماتىكىلىق مېتودنى قوللىنىش پەنشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتىدا بىر مۇھىم يۈزلىنىش بولۇپ، بۇ، يىراق تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

پەنشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش لازىم. پەنشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى، پىرىنسىپلىرى، ئۇسۇلى پەن تەرەققىيات تارىخىنى ۋە كونكرېت ئەمەلىي تەجرىبىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. پەنشۇناسلىق يېشىپ بېرىدىغان پەننىڭ قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيىسى ھەمدە پەن بىلەن جەمئىيەتنىڭ كەڭ مۇناسىۋەتتە بولۇش قانۇنىيىتى — پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئوبيېكتىپ ئاساس ۋە يېتەكچى ئىدىيە بولماقتا. شۇڭا، بىز ئاساسىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پەن تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، پەن تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، پەنشۇناسلىق بىلەن ئىقتىسات، ھەربىي ئىشلار قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، دەرىجىسىنى ھەم دائىرىسىنى تەتقىق قىلىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتنى ئىگىلەپ، ئادەم، پۇل، ماددىي ماتېرىياللار قاتارلىق ھەر قايسى ئامىللارنىڭ رولىنى جارى قىلىپ، پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ قوللىنىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

ھازىر دۇنيادىكى زور تۈركۈمدىكى قابىلىيەتلىك ئالىملارنى بۇ بىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە پەن ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

پەنشۇناسلىق گەرچە، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، شەكىللەنگىنىگە

تېخى يېرىم ئەسىر بولمىغان، تېخى كۆپ تەرەپلەردىن مۇكەممەللەشمىگەن، ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىش لازىم بولغان يېڭى بىر پەن بولسىمۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ بۇ پەننى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەرەققىيات قانۇنى ۋە يۈزلىنىشى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئىگەللىشىگە ئەگىشىپ، پەنشۇناسلىق ئاخىرى ئۆزىگە خاس ئۇقۇم، كاتېگورىيە، قانۇن، سىستېما، مېتود، قائىدىگە ئىگە بولغان بىر مۇكەممەل پەنگە ئايلىنىدۇ.

ئالەمدە ئوبيېكتىپ دىيالېكتىكا قانۇنىيىتى ھۆكۈم سۈرىدۇ. مەيلى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرى بۇ قانۇنىيەتتىن چەتنىگەن ھالدا ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئەڭ ئەقىللىقلەر — غەلىبە قازانغۇچىلار (بىر جەمئىيەت، بىر مىللەت ياكى شەخسلەر بولسۇن) مانا مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلغۇچىلاردۇر. ئېنگېلس: «بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز قالماسلىقى كېرەك» دەيدۇ. ماركسىزىملىق پەنشۇناسلىق مانا مۇشۇنداق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يۇكسەكلىكىدىن تۇرۇپ ئىش كۆرىدۇ. دېمەك، ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، پەنشۇناسلىقنى ئۆگەنمەي، ئۇنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلماي بولمايدۇ.

پەنشۇناسلىقنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر، ئىستىقبالى چەكسىز، شۈبھىسىزكى، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان پەنشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ئېلىمىز پەنشۇناسلىق گۈلزارلىقىدا، بىر ماركسىزىملىق پەنشۇناسلىق ئىلمىي پورەكلەپ ئېچىلىپ مول مېۋە بەرگۈسى.

ئىنسانىيەتنىڭ جەمئىيەتكە بولغان قەدىر-قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھېسسىياتى، ئىدىيىسى ھەم ھەرىكىتىنىڭ ئىنسانىيەتنى مەنپەئەتدار قىلىشتا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقى بىلەن باغلىق.

— ئېينىشتېين

مادامىكى، مەن بىر قىسىم كىشىلەرنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرغان بولسام، مادامىكى، بىزنىڭ خىزمىتىمىز كىشىلەرنىڭ بىلىش دائىرىسىنى ئاز-تولا كېڭەيتكەن بولسا ھەمدە شۇ سەۋەپتىن بۇ دۇنياغا بىر ئۇلۇش خۇشاللىق بەخش ئېتەلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا مەنمۇ شۇنىڭ بىلەن قانغان بولاتتىم.

— ئېدىسون

www.uyghurkitap.com

# تارىخ تەتقىقاتىدا مىللى باراۋەرلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

لى سۇڭماۋ

مويىدىن تەرجىمىسى

مىللى باراۋەرلىك جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پىرىنسىپى، بىز رىيال تۇرمۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ۋە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ پىرىنسىپتا تارىخ تەتقىقاتىدىمۇ چىڭ تۇرۇشىمىز ياكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. مەن بۇ ماقالامدا كېيىنكى مەسىلە ئۈستىدىكى بەزى يۈزەكى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. چېگرا رايونلارنى ئېچىش ھەم ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشنىڭ ھەممىسى مۇقىملاشتۇرۇلۇشى كېرەك

چىن شىخۇاڭ بىلەن خەن ۋۇدىنىڭ چېگرا رايونلارنى ئاچقانلىقىنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك مۇقىملاشتۇرىدۇ، بۇ شۈبھىسىز توغرا. چۈنكى، ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخي تەرەققىياتىغا ھەقىقەتەنمۇ توھپە قوشتى. لېكىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشىگە قارىتا، كوپىنچە، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى قوللىنىلىپ، ئۇ «تاجاۋۇزچىلىق»، «سىرتقى ئاپەت» دەپ ئەيىپلىنىپ كەلدى. بۇ ئادىل باھا ئەمەس. جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كوپ مىللەتلىك دولەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، جۇڭگونىڭ ھازىرقى تېررىتورىيىسىگە ئاساس سېلىنىشىدا، داڭدار خانلارنىڭ چېگرا رايونلارنى ئېچىشى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ چېگرا رايونلارغا يوتكىلىپ بېرىپ، ئۇ جايلارنى تەرەققى قىلدۇرۇشى رول ئويناپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشىمۇ رول ئوينىغان.

دەل مۇشۇ ئىككى خىل ئامىلنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى، ئىككى خىل كۈچنىڭ بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ياراتتى. تارىخىي پاكىتلار بۇ نۇقتىنى بىزگە ئېيتىپ بەردى.

ۋى، جىن ۋە جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرى — مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە (ئۆز ئارا كىرىشىش)لىشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاقىت. بۇ ئاسسىمىلاتسىيە شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ زور تۈركۈمدە جەنۇبقا كۆچۈشىدىن بارلىققا كەلدى. «مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ خۇددى سۇ قاينىغاندەك قىزىپ كېتىشى» يالغۇز خەنزۇ مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، جۇڭگو تارىخىنىڭ قەدىمىنىمۇ تېزلەتتى. مۇشۇنداق جەنۇبقا كۆچۈش، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىش مۇقىملاشتۇرۇلۇشى كېرەكمۇ ياكى ئىنكار قىلىنىشى كېرەكمۇ؟ ئالدىنقىسى توغرا، ئەلۋەتتە. تارىخچىلارمۇ ئادەتتە شۇنداق ھېساپلىماقتا.

موڭغۇل مىللىتى بىلەن مانجۇ مىللىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا روناق تاپقان ئىككى مىللەت، ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جەنۇبقا كۆچۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى كونتىرول قىلغان يۈەن سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. موڭغۇل مىللىتى بىلەن مانجۇ مىللىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمال ھەم شەرقىي شىمال رايونىنى ئېچىپ، بۇ رايونلار بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ زىچلاشتۇرۇشتا تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، مەملىكىتىمىزنىڭ چىن، خەن دەۋرىدىن باشلانغان بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ، ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ھەممىگە مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا كەڭ كۆلەملىك بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى تېررىتورىيىسىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاساس سالدى. شۇڭا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى قۇبلاي بىلەن پادىشا كاڭشى جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە ئەڭ مۇھىم ئاساس سالغۇچى سۈپىتىدە تارىختا يېزىلىشى كېرەك.

ھالبۇكى، بۇنىڭدا بۇ ئىككى مىللەتنىڭ چېگرا رايونلاردىن ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشى ئالدىنقى شەرت بولدى. بۇ خىل كىرىش، ئەلۋەتتە، مۇقىملاشتۇرۇلۇشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىش مەسىلىسىگە توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان بۇ پاكىت، بىزنىڭ ئالاھىدە ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكە، ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشىنى، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش نۇقتىسىدىن قارىشىمىز لازىم. ئۇنى ۋە داڭدار خان - پادىشالارنىڭ چېگرا رايونلارنى ئېچىشىنى (ئەلۋەتتە، يەنە خەنزۇ خەلقىنىڭ چېگرا رايونلارغا كۆچۈپ بېرىشىمۇ بار)، باپكانىڭ ئۇياق

تىن ـ بۇياققا ئۈزۈلدۈرگەنمۇ كېرەك دەپ قارىشىمىز كېرەك. دەل مۇشۇ موكىنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۈزۈلدۈرگەن ھەركىتى، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي خەرىتىسىنى تۈزۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئەلۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشى جەريانىدا قىرغىنچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قاتارلىق بىر قاتار دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ بولدى. بىز «ياڭجۇدىكى 10 كۈن» (مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ياڭجۇغا كىرگەندىكى قىرغىنچىلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت)، «جادىڭدىكى ئۈچ قېتىملىق قىرغىنچىلىق» (سىچۈەننىڭ لۇسەن شەھرىدە بولغان قىرغىنچىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت)نى پېتىنە ـ پاسات دەپ ئېيتماقچى ئەمەسمىز ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرا جۇڭگودا مەجبۇرىي يۈرگۈزۈپ، قىسمەن رايونلارنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز. لېكىن بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىشىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئاساس بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، بىرىنچى، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ياۋايى بويسۇندۇرغۇچىلار ئاخىرى ئۆزلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان مىللەتنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرغان يۇقىرى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ. بۇ بىر مەڭگۈلۈك تارىخىي قانۇنىيەت»①. ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ئۇزاق مۇددەتلىك بويسۇندۇرۇش داۋامىدا، ياۋايىراق بويسۇندۇرغۇچىلار، مۇتلەق كوپ ھاللاردا، بويسۇندۇرۇشتىن كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر قەدەر يۇكسەك ئىگىلىك ئەھۋالى، غا لايىقلىنىشقا مەجبۇر بولىدى. ئۇلار بويسۇندۇرۇلغۇچىلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىندى، بەلكى كوپ قىسىمى ھەتتا بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تىلىنى قوللىنىشقىمۇ مەجبۇر بولدى»②. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالى دەل مانا مۇشۇنداق بولغان. جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ ئەيپلىنىشكە ئەڭ كوپ ئۇچرىغانلياۋ، جىڭ سۇلالىلىرى، ئەگەر ئوتتۇرا جۇڭگوغا ئورۇنلىشىپ (ئۇلار پەقەت بۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىنلا كىرگەن)، بىر پۈتۈن جۇڭگو تارىخىنى ئالدىغا تارتماي، ماركس ئېيتقاندەك «مەڭگۈلۈك تارىخىي قانۇن» غا بويسۇنغان بولسا، بۇ ئەيىپلىگۈچىلەرنى ئەڭ چوڭ خاتىرجەم قىلغان بولاتتى. تارىخنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشى ۋە تارىخ سەرپ قىلغان ئەجىر دائىم ئوخشاش بولىدۇ. بىز سەرپ قىلىنغان ئەجىرنىمۇ كۆرۈشىمىز، شۇنداقلا، سەرپ قىلىنغان ئەجىردىن كېيىنكى ئالغا ئىلگىرىلەشنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشىنى باھالىغاندا، شۇنداق

---

① ماركس: «بېرىتانىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 2 - توم، 70 - بەت.

② ئېنگېلس: «دېيۇرىڭغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 348 - بەت.

ئەتراپلىق كۆز قاراشنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئادەم گۆشى يەيدىغان، مالىماتاڭ قىلىدىغان، ھەممە تەرەپتىن قالاق، ياۋايى ئەمەس، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز مەدەنىيىتى بار، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ روھىي مەدەنىيىتى بىلەن ماددىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ خىل مەدەنىيەتنى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خەنزۇ خەلقىغە ئېلىپ كېلىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ماددىي، روھىي غەزىنىسىنى بېيىتقان. بۇ خىل پاكىتلار تولىمۇ كۆپ، ئۇ تارىخلا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ رىيال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ناھايىتى كۆپلەپ مەۋجۇت.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشىنىڭ بايلىقنى نەزەردە تۇتىدىغان بىر تەرىپى بولۇشىدىن سىرت، يەنە ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە زوقلىنىدىغان ئىككىنچى بىر تەرىپىمۇ بار. پروفېسسور بەي شيۇلى: „تارىختىن قارىغاندا، خەنزۇلار ئاساسىي مىللەت بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەزەلدىنلا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەلپۈنگۈچىسى ئىدى. تارىختىكى ‚تارتۇق تۇتۇش ۋە ‚قۇدىلىشىش، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى“. „مىللەتلەر ئارىسىدا بولغان ئۇرۇش، ئوتتۇرا جۇڭگوغا بولغان بۇ ئىنتىلىش كەيپىياتىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئەكس ئەتتۇردى“. شۇڭا، „بىز تارىختىكى بەزى مىللىي ئۇرۇشلارنى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئىزاھلىماسلىقىمىز كېرەك“ ① دەيدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭقۇر شەرھىيلەش. پروفېسسور ۋىن دۈجيەن: „يېقىندا، جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، نۇرغۇن تەرەپتىن يېقىنلىشىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر خىل ناھايىتى كۈچلۈك ‚ئىچكى تارتىش كۈچى‘نى شەكىللەندۈردى“ ② دەپ كۆرسەتتى. بۇ „ئىچكى تارتىش كۈچى“ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچنىڭ بىرى. بۇنداق „ئىچكى تارتىش كۈچى“نى بىز ئەلۋەتتە، شەك - شۈبھىسىز قارشى ئالىمىز.

يۇقۇرقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، تارىخ، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىشى، ئاددىي ھالدىلا ئىنكار قىلىنماسلىقى لازىم. ئازسانلىق

① بەي شيۇلى: «جۇڭگو مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلە»، «بېيجىڭ سىفەن داشۆينىڭ ئىلمىي ژورنىلى»، 1981 - يىلى 6 - سان.

② ۋىن دۈجيەن: «مىللىي مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىللىق 4 - سان.

مىللەتلەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىشىنى تاجاۋۇزچىلىق دەپ قاراش — تېخىمۇ خاتا.

60 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئاتاقلىق تارىخچى ليۇجېنيۇ: مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا تاجاۋۇزچىلىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش خاراكتېرى مەۋجۇت ئەمەس، دىگەن مەشھۇر كوز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇ «بىر دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي ئۇرۇش، سىنىپىي ئۇرۇش ياكى بىر سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا تاجاۋۇزچىلىق، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنمايدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار، سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى، سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى، سۇڭ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى...... ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا تاجاۋۇزچىلىق، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى مەۋجۇت ئەمەس»① دەيدۇ، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىتلىگەن ھالدا: «ئوتكەنكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە ئاممىغا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن، بۇخىل ئۇرۇشلارغا تاجاۋۇزچىلىق، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش دىگەن رەڭنى ناھايىتى چوڭقۇرسىتىدۇردۇق، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بۇ توغرا بولمىغان ئىدى» دەپ چۈشەندۈردى. يەنە بىر ئاتاقلىق تارىخچى فەن ۋېنلەن 60 - يىللارنىڭ بېشىدىلا: «جۇرجىنىنىڭ شىمالىي سۇڭنى يوقىتىشى، موڭغۇلنىڭ جىنىڭ بىلەن سۇڭنى يوقىتىشى قانۇنغا مۇۋاپىق ئىشلار ...... بۇ ئىشلارغا بۈگۈنكى كوز بىلەن قارىغىنىمىزدا، قېرىنداشلارنىڭ ماجىراسى ئويدىكىلا جېدەل؛② دەپ كورسەتكەن ئىدى. بۇ يەردىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ئىچكى ئىش دەپ قارالغان. پىشقەدەم پروفېسسور فەن ۋېنلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «كىچىك ئىنىسىنىڭ قېرىپ كاردىن چىققان چوڭ ئاكىنى قورال بىلەن يوقىتىشى—چوڭ ئاكا ئۈچۈن ئائىلە ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى، باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، باشقىچە يول تۇتۇشىدا، چىرىگەن كۈچىنى يوقىتىپ، ئائىلىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى ئومۇمەن ياخشى ئىش» دەپ كورسەتتى. بۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا كىرىشى ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا سالاھىيىتى بار، جۇڭگو تارىخىنى يارىتىشقا قاتنىشىش ھوقۇقى بار، دىگەنلىك. فەن ۋېنلەن ۋە ليۇجېنيۇنىڭ تەھلىلى مەملىكىتىمىزنىڭ كوپ مىللەتلىك دۆلەت

① ليۇجېنيۇ: «جۇڭگو تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە»، «ئىلمىي ئايلىق ژورنال» 1963 - يىلى 1 - سان.

② فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي كۈرەش ھەم ئاسسىمىلاتسىيە»، «تارىخ تەرەققىياتى» 1980 - يىللىق 1 - سان.

تارىخىغا ۋە ھازىرقى ھالىتىگە ئۇيغۇن. ئۇ تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك مىللىي باراۋەرلىك پىرىنسىپى.

## 2. ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ھەم چېگرا رايونلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ ھەم ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھاكىمىيەتنىڭ تۆھپىسى بار

مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىي مۇساپىسىدا، نۇرغۇن ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى چېگرا رايونلاردا، بەزىلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا بارلىققا كەلگەن. چېگرا رايونلاردىكى ھاكىمىيەتلەرنى، ئادەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى خەنزۇلار قۇرغان. مەيلى چېگرا رايونلاردىكى ھاكىمىيەتلەر بولسۇن ياكى ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھاكىمىيەتلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆھپىسى بار. تارىخ تەتقىقاتىدىكى مىللىي باراۋەرلىك پىرىنسىپى مۇشۇ تەرەپتىمۇ گەۋدىلىنىشى كېرەك. سۇلالىلار تارىخى بىلەن جۇڭگو تارىخىنى، ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىسىغا قاراشلىق رايونلار بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخىي تېررىتورىيىلىرىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويىدىغان فېئودال ۋارىسلىق ياكى چوڭ خەنزۇچىلىق نۇقتىسىنەزىرى تارىخچىلار تەرىپىدىن تەنقىتلەندى. ئوتكەن يىلى ئوتكۈزۈلگەن جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىنىڭ ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىدا بۇ مەسىلە يەنە مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچىدە تارىختا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ (يوقىلىپ كەتكەنلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ) ھەممىسى جۇڭگونىڭ بىر ئەزاسى، ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى سۇلالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى — بېقىندىلىق ياكى ئوخشاش دەرىجىلىك بولسۇن، ھەممىسى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنى يات مىللەت، چەت دۆلەت دەپ قاراشقا بولمايدۇ، دېيىدىغان پىكىر بىرلىكى شەكىللەندى. لېكىن بۇ، ھەممە ئادەم بۇ پىكىرگە قوشۇلدى، بۇ جەھەتتە تالاش - تارتىش مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

كىشىلەر بۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا تالاش - تارتىش قىلغىنىدا، كۆپىنچە، سۇڭ سۇلالىسىنى مىسال قىلىدۇ. بۇ تارىخ ساھەسىدىكىلەردىلا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

بەلگى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەردىمۇ خېلى گەۋدىلىك. سۇۋۇك دەۋرىدە مەملىكىتىمىزدە كۆپ ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولغان، سۇۋۇك پادىشالىقىدىن باشقا يەنە غەربىي جەنۇپتا دالى، توبۇت، غەربىي شىمالدا ئۇيغۇر، تانغۇت قاتارلىق دۆلەتلەر بولغان. شىمالدىكى كىدانلارنىڭ قۇدرەتلىك لياۋ سۇلالىسى شىمالىي سۇۋۇك سۇلالىسى بىلەن ئوخشاش قەد كۆتىرىپ تۇرغان؛ خېيلۇڭجياڭدىن تارتىپ خۇەيخې دەريا ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلار جۇرچېت، جىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قارمىقىدا بولۇپ، جەنۇبىي سۇۋۇك سۇلالىسى بىلەن قارىمۇ - قارشى تۇرغان؛ بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ھەممىسىنىڭلا توھپىسى بار. لياۋ بىلەن جىڭنى مىسال قىلساق، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى، شەرقىي شىمالىنى ئۆزلەشتۈردى، بۇ رايونلار بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى، ھەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بىلەن مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى جۇڭگو قەدىم زامان تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىگەللەيدۇ. لياۋ سۇلالىسى تارىخى بىلەن جىڭ سۇلالىسى تارىخى 24 تارىخنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قىسىم ئىكەنلىگى ھەممىمىزگە ئايان بولسا كېرەك.

ئىمە ئۈچۈن بەزىلەر لياۋ بىلەن جىڭنى چەت دۆلەت دەپ قارايدۇ؟ سۇڭنىڭ لياۋ بىلەن جىڭغا زەربە بەرگەنلىگىنى تاشقى تاجاۋۇزغا قارشى تۇرغانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېيىشىدۇ؟ بۇ، سۇڭ سۇلالىسىنى جۇڭگوغا تەڭ قويغانلىق، سۇڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرغانلىقنى جۇڭگوغا قارشى تۇرغانلىق، سۇڭ سۇلالىسىنى قوغدىغانلىقنى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ قارىغانلىقتىندۇر. ئەمەلىيەتتە، سۇڭ سۇلالىسىنى جۇڭگوغا تەڭ قويغىلى بولمايدۇ. تارىخ خەرىتىسىنى ئېچىپ قارىساق، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى لياۋ بىلەن جىڭدىن چوڭ ئەمەس. كۈچىمۇ لياۋ بىلەن جىڭغا يەتمەيدۇ. خۇسۇسەن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى شەرقىي جەنۇبى جۇڭگونىڭ بىر چېتىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بىر يەرلىك ھاكىمىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇڭ بىلەن قارىمۇ - قارشى تۇرغان لياۋ بىلەن جىڭنى چەت دۆلەت دېيىش پۈتۈنلەي خاتا. يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى يازغۇچى لياۋ بىلەن جىڭنى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دېگەن يەردە، بۈگۈن بىز ئۇنى قانداقمۇ چەت دۆلەت دەپ ئېيتالايمىز؟ «(يوفېي نەسەبنامىسى)گە باھا» دېگەن كىتابنى ئاڭلىتىش بەزى مىللىي يولداشلارنىڭ سەپراسىنى قوزغاپ قويىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك. بىز تارىخ تەتقىقاتىدا (تارىخنى ۋەقەلىك قىلىپ يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە) ئادىدى، قوپال ھالدىلا رىياللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك، دېگەن تەلەپنى قويماسلىقىمىز كېرەك، لېكىن بۇ خىل ئەسەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا توس-

قۇن بولماسلىقى لازىم، بۇ ئەڭ ئەقەللى تەلەپ. لېكىن بىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىمىز، سۆڭ سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتا جىنغا قارشى چىقماسلىقى كېرەك ئىدى، چىڭ گۆي توغرا قىلغان ئىدى، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ مۇنداق مەنا بېرەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا سۆڭ سۇلالىسىنىڭ جىنغا قارشى چىقىشى زۆرۈر، چىڭ گۆي تارىخنىڭ تۈۋرۈكىگە مەڭگۈ شەرمەندىلەرچە قېقىلىشى لازىم. لېكىن بۈگۈن سۆڭنىڭ لياۋ بىلەن جىنغا قارشى تۇرغانلىقىنى تاشقى تاجاۋۇزغا قارشى تۇردى دېيىش خاتا. خۇددى فەن ۋېنلەن ئېيتقاندەك، بۈگۈن بۇ خىل كۆرەشنى پەقەت «قېرىنداشلار ماجىراسى»، «ئائىلىدىكى جېدەل» دەپلا قاراش مۇمكىن.

بىز بۇ يەردە ھەر بىر چېگرا رايون ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قانداق قىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قىسمى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلار قايسى تەرەپلەردىن ۋەتىنىمىز ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىنى بىر بىرلەپ شەرھلەپ ئولتۇرمايمىز، ئۇ بۇ ماقالىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئەمەس ھەم ئۇنى ئۆز ئۈستىگىمۇ ئالالمايدۇ. بىز پەقەت بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىدە قەدىمدە ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇق، (ئەگەر ئۇلارنى جۇڭگولۇق دېمىسەك، نەلىك دەيمىز؟) ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخىنى يارىتىشقا قاتناشقان، ئۇلارنى جۇڭگونىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلغىنىمىزدا دوستنى رەنجىتىپ، دۈشمەننى خۇش قىلغانلىق بولىدۇ، دېگەننى چۈشەندۈرۈشنىلا مەقسەت قىلىمىز.

بەزىلەر چېگرا رايونلاردا ھاكىمىيەتلەرنىڭ بولۇشى بىرلىككە پايدىسىز دەيدۇ، بىز بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. بىرلىشىش ھامان بۆلۈنۈشتىن ياخشى. ستالىن دوستلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ رۇسسىيىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى رولىنى ناھايىتى يۇقۇرى باھالىغان ئىدى. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشلەرمۇ، بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن. لېكىن بۇخىل بىرلىككە كېلىشنىڭمۇ جەريانى بار. بىز «بۆلۈنۈش ئۇزارسا چوقۇم بىرلىشىدۇ، بىرلىشىش ئۇزارسا چوقۇم بۆلۈنىدۇ»، دەيدىغان تارىخنىڭ دەۋر قىلىش نەزەرىيىسىگە ئانچە قوشۇلۇپ كېتەلمەيمىز. بىرلىككە كېلىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى، قىسمەنلىكتىن پۈتۈنلۈككە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر. مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىش تارىخىي جەريانى دەل مۇشۇنداق بولغان. بەزى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مەملىكەت ئىچىدىن ئېيتقاندا، بۆلۈنۈش بولغان بىلەن ئاشۇ رايون ئىچىدىن ئېيتقاندا، بىرلىككە كەلگەنلىك ئىدى. مەسىلەن، دالى ھاكىمىيىتى يۈننەندە، توبۇت ھاكىمىيىتى شىزاڭدا، تاڭغۇت ھاكىمىيىتى غەربىي شىمالدا، لياۋ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىدا، (ئاساسەن سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا) جىڭ شەرقىي شىمال رايونلاردا بولغان. بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئاشۇ رايونلارنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئوينىغان رولىنى كىممۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟

كىچىك تىپتىكى بىرلىككە كېلىش يىغىلغانسېرى، چوڭ تىپتىكى بىرلىك بارلىققا كېلىدۇ. سان ئۆزگىرىشى، سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ماركسىزىمنىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرى. چېگرا رايونلاردىكى ھاكىمىيەت بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىشلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە، بۇ خىل كوز قاراشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئىككىنچى تەرىپىمۇ بولىدۇ، چېگرا رايونلاردىكى ھەرقانداق ھاكىمىيەتنىڭ ھەممىسىنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن شەرت-شارائىت تۇپلىدى دېگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ دېگىنىمىز ئادەتتىكى ئەھۋالغىلا قارىتىلغان. چېگرا رايونلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئاكتىپ رولى مەلۇم تارىخىي شارائىتتىلا جارى بولغان. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ خىل ھاكىمىيەتلەرنى قوشىۋېلىش ياكى يوقىتىش يەنىلا بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. ھەممە نەرسە ۋاقىت، ئورۇن، شارائىت ئىچىدىلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چېگرا رايونلاردىكى ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا تۆھپە قوشتى دېگىنىمىزدە، بىرسى سەككىز سەر، بىرسى يېرىم جىڭ دېگەنلىك ئەمەس، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى ھاكىمىيەت ئادەتتە، يېتەكچى رول ئوينايدۇ. دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىدە يادرولۇق رولىنى جارى قىلىدۇ. چېگرا رايوندىكى بىر ھاكىمىيەتنىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ ھەركەت قىلىشىغا، چوقۇم چېگرا رايوندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا چىڭ سۇلالىسى ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمۇ، بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۈگۈنكى چوڭ بىرلىك، چوڭ ئىتتىپاقلىق تارىخنىڭ ئېقىمى، بىز مۇشۇ ئېقىمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تىرىشايلى!

## 3. مىللىي قەھرىمانلىق ۋە باشقىلار

تارىخ تەتقىقاتىدا مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يەنە مىللىي قەھرىمانلارغا قانداق قاراش، مىللىي تارىخىي شەخسلەرنى ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى قانداق باھالاشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. مىللىي قەھرىمان ھەققىدە پروفېسسور بەي شيۈيى جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى ئىلمىي سوھبەت يىغىنىدا قىلغان دوكلادىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مىللىي قەھرىمان ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قەھرىمانى. بۇ فېئودالىزمغا، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا بارلىق-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قا كەلگەن. ئىككىنچىسى، ئۆز مىللىتىنىڭ قەھرىمانى، يەنى بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قەھرىمان. بۇ باشقا مىللەت بىلەن بولغان كۈرەش جەريانىدا يېتىلگەن ياكى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشلەردە بارلىققا كەلگەن». «مىللىي قەھرىمانلىقنى بىز ئۆتكەندە دائىم ئەخلاقىي ئۆلچەمنى چىقىش قىلىپ سۆزلىدۇق، شۇنداقلا، مىللىي قەھرىمان ھەققىدە گەپ قىلغىنىمىزدا، ھەمىشە مىللىي كۈرەشتە، بولۇپمۇ، كۈرەش جەريانىدا قۇربان بولغانلارنى مىللىي قەھرىمان دىدۇق. مېنىڭچە، بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك»، «نۇرغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەت ئەرباپلىرى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئەمگەك سىڭدۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلارنىمۇ قەھرىمان دەپ ئاتىشىمىز كېرەك. قانداقتۇ، باشقىلارغىلا قارشى تۇرۇپ قۇربان بولغانلارنىلا قەھرىمان دەۋەرمەسلىكىمىز كېرەك. بىز مىللىي قەھرىماننىڭ مەزمۇنىنى سەل كەڭرەك قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ»①.

ھەقىقەتەن شۇنداق. چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانى. نۇرغاچ مانجۇلارنىڭ قەھرىمانى، سۇڭزەنگەنبۇ زاڭزۇلارنىڭ قەھرىمانى، ئۇلار ئۆز مىللىتىگىلا ئەمگەك سىڭدۇرۇپ قالماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ئەمگەك سىڭدۇردى. مۇشۇنداق شەخسلەرنى يازغىنىمىزدا، ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. كىدانلاردىن ئاباۋجى، جۇرجىتلاردىن ئاگودا، تاڭغۇتلاردىن لى يۈەنخاۋ، نەنجاۋلاردىن گىلوفېڭلارمۇ مۇشۇنداق شەخسلەرگە كىرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىمۇ يېزىش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مىللەتلىرى كۆپ، پەقەت تارىخ غەزىنىسىگە بېرىپ ئىزلىسەكلا، بۇنداق شەخسلەر ناھايىتى كۆپ، بىز يۆ فېي، ياڭ جاجاڭ، ۋېن تيەنشياڭ، شى كېپا قاتارلىق شەخسلەرنى يېزىشقا قارشى ئەمەسمىز، لېكىن يېزىش كۆپ بولۇپ كەتكەندە، ياكى ئاساسەن مۇشۇنداق كىشىلەرنى يازغاندا، بىرسى، ۋەتىنىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي پاكىتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. ئىككىنچىسى، ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا توسقۇن بولىدۇ، ھەتتا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىي جۇڭگونىڭ زېمىنى ئەمەس دىگۈچىلەرنى زەمبىرەك ئوقى بىلەن تەمىن قىلغان بولىمىز. چىڭگىزخان قاتارلىق شەخسلەرنى كۆپرەك يازغىنىمىزدا، ۋەتىنىمىزنى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان دىگەن بۇ ئاساسىي يىپنى گەۋدىلەندۈرەلەيمىز، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولىدۇ. يېقىندىن بېرى، سۇڭزەنگەنبۇ توغرىسىدىكى ماقالىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە تۆھپە قوشقان شەخسلەردىن مەسىلەن،

① بەي شيۇيې: «جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلەر»، «بېيجىڭ سىفەن داشۆې ئىلمىي ژورنىلى» 1981 - يىل 6 - سان.

چى جىنگۇاڭ، جيڭ چىڭگۇڭ، لىن زەيشۇي، زوباۋگۇي قاتارلىق شەخسلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك يېزىش كېرەك. كىشىلەر جىڭ چىڭگۇڭنى يازغاندا، ئۇنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تەيۋەننى قايتۇرۇۋالغانلىق تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرغانلىق تەرىپىنى تىلغا ئالمىغان ياكى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالغان. بۇ ناھايىتى توغرا.

مىللىي تارىخىي شەخسلەر بىلەن تارىخىي ۋەقەلەرنى قانداق باھالاش توغرىسىدا پروفېسسور ۋىن دۇجيەن مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتەك بىر ئۆلچەمنى قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلادىدا: «جۇڭگو مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، مىللىي باراۋەرلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك...مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىدىكى ۋەقەلىك، شەخسلەرنى باھالاشتا، ھەممىسىگە بىر مىزان قوللىنىپ ئۆلچىشىمىز، خەنزۇلارغا بىر مىزان، ئازسانلىق مىللەتلەرگە يەنە بىر مىزان قوللانماسلىقىمىز كېرەك»① دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئادىل گەپ. مەسىلەن، يۈ فېي ناھايىتى كۆپلىگەن خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جىنغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي قەھرىمان بولغاندا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى سۇلالىلارنىڭ ئېزىشىگە قارشى چىققان ئازسانلىق مىللەتنىڭ مەشھۇر ئەرباپلىرى مىللىي قەھرىمان بولالامدۇ؟ خەنزۇلارنى قوغدىغانلار مىللىي قەھرىمان بولۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنى قوغدىغانلار مىللىي قەھرىمان بولالامدۇ؟ ئەگەردە، يۈ فېي پادىشاغا سادىقلىقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت دېيىلسە، چېگرا رايونلاردىكى بەزى ئازسانلىق مىللەت مەشھۇر ئەرباپلىرىنىڭ چەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىنى (ساتقۇن بولمىسىلا) ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتقا قويۇپ چۈشىنىش كېرەك. ئۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت چېگرىسى ۋە دۆلەت ئۇقۇمى ھازىرقىدەك روشەن ۋە مۇستەھكەم ئەمەس. لېنىن: «ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ مۇتلەق تەلىۋى مەسىلىسىنى مەلۇم تارىخىي كاتېگورىيىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك②»، دېگەن ئىدى. خەنزۇلاردىكى تارىخىي شەخسلەرنى تەھلىل قىلغاندا ۋە ئازسانلىق مىللەت ئىچىدىكى تارىخىي شەخسلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ھەممىنى مەلۇم تارىخىي كاتېگورىيىنىڭ ئىچىگە قويۇشىمىز كېرەك. تارىخىي شەخسلەر ھازىرقى ئادەملەرگە مەسئۇل ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ئادەملەر تارىخىي شەخسلەرگە مەسئۇل. مەيلى

①ۋىن دۇجيەن: «مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىل 4 - سان.

② لېنىن: «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ھەققىدە»، «لېنىن ئەسەرلەر توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى، 20 - توم، 401 - بەت.

خەنزۇلار ئىچىدىكى تارىخىي شەخسلەر بولسۇن ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى تارىخىي شەخسلەر بولسۇن، ھەممىسىگە بىر خىل ئۆلچەم قوللىنىپ، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. تارىخىي ۋەقەلەرگىمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىساق بولىدۇ. ئەگەردە مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىۋىدە شىمالىي يۈەن سۇلالىسىنى يوقىتىش توغرا دېيىلسە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىۋىدىكى جەنۇبىي مىڭنى يوقىتىشمۇ توغرا بولىدۇ. شىمالىي يۈەن جەنۇبىي مىڭ ھەممىسى ئاغدۇرۇلغان چىرىك پادىشالىقنىڭ قالدۇق كۈچلىرى، ھەممىسى يوقىتىلىشى كېرەك. جۇيۈەنجاڭنىڭ ئەسكەر يوتكەپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشى تاجاۋۇزچىلىق بولمىغاندەك، شۈنجىنىڭ ئەسكەر يوتكەپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىمۇ تاجاۋۇزچىلىق دەپ قارالماسلىقى كېرەك. ھەممىسى يېڭى قۇرۇلغان پادىشالىقلارنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ھەربىي ھەركىتى، شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى شۈندى ۋە شىمالىي يۈەن سۇلالىسىدىكىلەرنى قوغدىغۇچىلار ھېسىداشلىقتا ئىرپشەلمىگەن ئىكەن، پۇ ۋاڭ (مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى شىنزۇڭنىڭ نەۋرىسى ت) تاڭ ۋاڭ، گۈي ۋاڭ (مىڭ سۇلالىسى شىنزۇڭنىڭ نەۋرىسى)نى قوغدىغۇچىلارمۇ قوللاشقا ئېگە بولالمايدۇ. بىر تەرەپكە قىزغىن، بىر تەرەپكە سوغاق مۇئامىلە قىلماي، «موتىدىل» مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىتىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھوكۇمرانى بولۇشى، جۇڭگونىڭ مۇنقەرز بولغانلىقى ئەمەس. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھوكۇمرانلىقىنى تىكلىشى، جۇڭگونىڭ قايتىدىن بارلىققا كەلگەنلىگى ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ تارىخىي مۇساپىسىدىكى ئۈزۈلۈكسىز داۋام قىلغان ھەركەتلەر. پەقەت بىر ئۆلچەمنى مۇشۇنداق ئىشلەتكەندە، تارىخ تەتقىقات دائىرىسىدە مىللىي باراۋەرلىك قاتارلىق پىرىنسىپلاردا چىڭ تۇرغان بولىمىز؛ پەقەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكىلا باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قالماي، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە ئۈلۈشكۈنىگىمۇ باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنگەن ھەمدە ئىزچىل ئىجرا قىلغان بولىمىز.

باراۋەرلىك تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، خەنزۇلارنىڭ جۇڭگودىكى ئاساسىي مىللەت ئىكەنلىكىنى ھەم خەنزۇلارنىڭ جۇڭگو تارىخ تەرەققىياتىدىكى رولىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس. كىشىلەرمۇ «ساتقۇن»نى «ۋەتەن خائىنى» بىلەن تەڭ قويغانلىقتا، «خەنزۇ تىلى»نى ئادەتتە «جۇڭگو تىلى» دەپ ئاتايدىغان ھادىسىلەرگە قاراپ غەزەپلىنىپ، بۇنى چوڭ خەنزۇچىلىق دىمەسلىكى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ تارىختا شەكىللەنگەن ھەم ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئىنكاس قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولى

**غەيرەتجان ئوسمان**

جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقىنى ئەر - ئاياللار ئورتاق ياراتقان. تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە، ئەر - ئاياللار بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ كەلگەن. ماركس: «تارىختىن سەل خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ ئېچىتقۇ بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئاياللارنىڭ (سەتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن توغرا ئۆلچىگىلى بولىدۇ» ① دېگەن ئىدى، شۇڭا، مەلۇم بىر دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ئاياللارنىڭ ئەركىنلىككە قاراپ مېڭىش دەرىجىسى بىلەن ماسلاشقان بولىدۇ. جەمئىيەت تەرتىۋىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاياللار ئەركىنلىكىنىڭ كېڭىيىش دەرىجىسى بىلەن ماسلاشقان بولىدۇ ياكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشنىڭ توپ پىرىنسىپى» ② (فۇرىيى).

تارىختا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمىدى. شۇڭا، ئۇلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز رولىنى جارى قىلىپ كەلدى، باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئۇلار جەمئىيەتتە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان شارائىتتا، ئۇرۇق شۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرە ئىدى. «تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئاساسىي رول ئوينىغان ۋە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئىگىلىگەن سىنىپ ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ» ③. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىگىسى ھېساپلىنىشىدىكى سەۋەپ، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقى، ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئۆز

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 102 - بەت.
② «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 623 - بەت.
③ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 536 - بەت.

ئۈستىگە ئالغانلىغىدىندۇر. ئوي ھايۋانلىرىنى ئەڭ بۇرۇن ئاياللار كوندۇرۇپ باققان، دېخانچىلىقنى ئاساسەن ئاياللار ئىختىرا قىلغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساش ئىشلىرىدا، ساپال قاچىلارنى ئىختىرا قىلىشتا، ئەڭ بۇرۇن ئاياللار تەشەببۇسكارلىق رول ئوينىغان. شۇنداقلا، بۇ دەۋردە يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئاياللارنىڭ ئەقلىي مېڭىسى ئەرلەرنىڭكىدىن بۇرۇنراق يېتىلگەن. سەۋەپ، ئاساسلىق ئەمگەك پائالىيەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇرۇنراق شۇغۇللانغىنىدا. دېمەك، يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ توپ ئالاھىدىلىگى، ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسى بۇ دەۋردە ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندى. شۇڭا، „ئانا ھوقۇقىغا ئاساسلانغان ئۇرۇغ تارىخ پەنى ئۈچۈن ئاساسىي تايانچ بولدى، ئۇ مانا شۇ تايانچ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بولدى" ①.

ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ ئەڭ دەسلەپ ئاياللارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن. بولۇپمۇ، ساپالچىلىق تېخنىكىسى ئاياللار ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولغاچقا، قەدىمقى ئەپسانە، رىۋايەتلەردە ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىجاتكارلىق روھى مەدھىلەنگەن ھېكايىلار ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئەپسانىلاردا „...... ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەرلەردىن بۇرۇنراق بولغان. مىسال: پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپ" ②. دېمەك، مانا شۇ „ئەپسانىلاردىكى ئايال ئىلاھلارنىڭ ئورنى بىزگە تېخىمۇ بۇرۇنقى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ئەركىنىرەك ۋە ئىززەتلىنگىرەك ئورۇندا تۇرغانلىغىنى كورسىتىپ بېرىدۇ" ③.

يۇنان ئەپسانىلىرىدا يارىتىلغان 12 خۇدانىڭ ئوبرازىمۇ يەنە شۇ ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئانىمىستىك روھ سىڭدۈرۈلگەن. 12 ئىلاھنىڭ بىرى ئاتېنا، ئافىنالىقلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئىلاھلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئايال بولۇپ، پاراسەت ئىلاھىدۇر. ئاتېنا گرېكلارغا يىپ ئېگىرىش، رەخت توقۇش، ھارۋا قېقىش، كېمە ياساش، مىسال ئېرىتىش، چويۇن قۇيۇش، ئاياق كىيىمى تىكىش، نەقىش ئىشلەش ماھارەتلىرىنى ئۆگەتكەن. ئۇ يەنە دېخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك، ئۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىلاھى دەپمۇ قارىلىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ قەدىمقى ئەپسانىسى «ئاسمان ئىلاھى نۈيۋا»دىكى ئايال ئىلاھ نۈيۋانىڭ لايدىن ئادەم ياسىغانلىغى، قۇمۇش كولى بىلەن كەلكۈن سۈيىنى تىز-

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

② لافارك: «دىن ۋە كاپىتال».

③ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 195 - بەت.

كىشىلىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى بىر چوڭ مەبۇد بولۇپ قېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمدە چوقۇنغان نەرسىسى — ئايال مەبۇدلار بولغان. ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئاياللارغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان. مەسىلەن: ئاسمان بىلەن يەر ئىنسانلارنى بېقىپ ئوستۇرىدىغان ئايال ئىلاھ دەپ قارالغان. قەدىمقى مەدەنىيەت خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئاياللارنىڭ ھەيكىلى ئەيىنى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا چوقۇنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەيكىلى بولسا، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنقار دەرياسى بويىدىكى مالتا كەنتىدىن تېپىلغان ئايال ئوبرازىدىكى قوچاق مەبۇدە، قەدىمقى سىبىرىيە خەلقلىرىنىڭ ياغاچ، سوڭەك، ساپالدىن ئايال قوچاق ياساپ ئۇنىڭغا سېغىنغانلىقىنى مانا شۇنىڭ ئىسپادىسى.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ قەدىمقى دەۋرلەردە دەسلەپ قىلىپ ئايال ئىلاھلارغا چوقۇنغان. بۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى:

**ئۇماي**: تۈرك رىۋايەتلىرىدە «ئۇماي» دەپ ئاتالغان بىر پەرى بار، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئالەمنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە «تەڭرى» ئىسىملىك بىر ياراتقۇچى ئىلاھ تۇرارمىش. بۇ، يورۇقلۇق، نۇرلۇق دۇنيا (يارۇق) دەپ ئاتالغانمىش. نۇرلۇق دۇنيا بىلەن ئالەمنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتى (قاراڭغۇ زۇلمەت دۇنيا يەنى قارا يەر) نىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئەۋلادلارنى يەر ۋە سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغۇچى بەخت ئىلاھى (ئىدۇق) — ئۇماي تۇرارمىش. («ئۇماي» دېگەن ئىسىم كېيىنكى دەۋرلەردە، يەنى 11 - ئەسىردىكى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن كىتاۋىدا «ئانا» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەن). دېمەك، ئۇيغۇرلار تۆتېمىزىم ۋە شامان دىنىغا ئىشەنگەن دەۋرلەردە مانا شۇ ئۇماي ئىلاھىغا چوقۇنغان. ئۇ مۇھەببەت ئىلاھى، ئېغىرئاياق ئاياللار، ئۇششاق بالىلار چوقۇنىدىغان ئىلاھ، دەپمۇ قارىلىدۇ. ئادەتتە، چوڭ ئاياللار، ئۇششاق بالىلار ئۇمايغا سېغىندۇق، دېيىشىدۇ.

**قىش ۋە ياز ئىلاھلىرى**: ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى رىۋايەتلىرىدە، قىش ۋە ياز ئىلاھلىرى بولغان. «شىمالىي جۇخاندانلىقى تارىخى تۈركلەر قىسسىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «...... ئېل كىنتىشتۇ ئالاھىدە سەگەك، ئوتكۇر بولۇپ، شامال بىلەن يامغۇرنى چاقىرىپ كېلەلەيدىغان ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەن. بۇ قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىنىڭ، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن». بۇ يەردە، ئىلاھلارنىڭ ئىسمى ئاتالمىغان بولسىمۇ، شۇنداق ئىككى ئىلاھ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ئاي ئىلاھى**: قەدىمقى ئىنسانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە

چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۈن ـ ئايغا چوقۇنىدى. كۆپ ھاللاردا، كۈن ـ ئەرلىك تەڭرىسى، ئاي ـ ئايالىق تەڭرىسى دەپ قارالدى. ئۇ دەۋردە كىشىلەر ئۆز خاقانلىرىنى تەڭرى مەنىسىدە تونۇغاچقا، بەخت ئاتا قىلغۇچى مۇقەددەس كىشى، يەنى يورۇقلۇق بەخش ئەتكۈچى «كۈن» دەپ ئاتاشتى. بۇ نۇقتىدىن تەڭرى، كۈن، خاقان، كۆك (ئاسمان) دېگەنلەرگە ئوخشاش مەنىدىكى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىلدى. «ئوغۇزنامە»دە: «... كۈنلەردىن بىر كۈن ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورۇپ بوشاندى» دېگەن تەسۋىرلەر بار. بۇ يەردىكى ئاي قاغان (ئايال جىنسى) «تەڭرى» مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى چۈشىنىشلىك، ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا كۈن ـ ئايغا چوقۇناتتى. قەدىمقى بوۋىلىرىمىز قۇياش كۆتۈرۈلىدىغان تەرەپنى قەدىرلەپ، ئۆيلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى شەرققە قارىتىپ سالاتتى. قەدىمقى ئەجدادلىرىمىز بولغان ھونلار ئايغا ئالاھىدە چوقۇنغان ئۇلار دائىم ئاي تولۇنلىغاندا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاي كىچىكلىگەندە ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئايغا قاراپ تۈكۈرمەسلىك، ئايدىڭدا ناشايان ئىشلارنى قىلماسلىقتەك ئەقىدە ساقلانماقتا. بۇ دېمەك، «ئايال تەڭرى»نىڭ سىمۋولى ئايغا قىلىنغان ھۆرمەتنى كۆرسىتىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خۇسۇسى مۈلۈكنىڭ پەيدا بولۇشى، سىنىپنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشى، شۇنداقلا، سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرى مۇرەككەپلىشىپ ۋە ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىقتا بارا ـ بارا ئەرلەر ئاساسلىق رول ئويناپ، بۇنىڭ بىلەن ئانا جەمەت ئۇرۇقى ئاتا جەمەت ئۇرۇقىغا ئايلىنىش جەريانى باشلىنىدۇ. ئۇرۇقداشلىقنىڭ ئورنىنى ئائىلە ئېلىپ، ئائىلە ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي ھۈجەيرىسى بولۇپ قالغان. خۇسۇسى مۈلۈك راۋاجلىنىپ، دۆلەت پەيدىن ـ پەي شەكىللىنىپ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ كوممۇنىزىم جەمئىيىتى ئاخىرلىشىدۇ. ئاياللارنىڭ يېتەكچىلىك ۋە تەشكىللەش رولىنىڭ يوقىتىلغانلىقى ياكى «ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى، ئاياللارنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەغلۇبىيىتى»① بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلار يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بىر كۈچ سۈپىتىدە تارىخ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كەلدى. چۈنكى بۇنداق جەمئىيەتتە يەنىلا ئىش تەقسىماتى بولىدۇ. «... ئۇ ئىككى جىنىس ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئەرلەر ئۇرۇش قىلىدۇ، ئوۋغا چىقىدۇ، بېلىق تۇتىدۇ، يېمەك ماتېرىياللىرىنى تاپىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولىدىغان قوراللارنى ياسايدۇ. ئاياللار ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، تاماق ۋە كىيىم تەييارلايدۇ.

① «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

پىششۇرىدۇ، توقۇيدۇ، تىكىدۇ. ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئۆز ئىش ساھەسىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزى ياسىغان ۋە ئىشلەتكەن قوراللارنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. ئەرلەر قورال ـ ياراقنىڭ، بىلىقچىلىق ئەسۋاپلىرىنىڭ (ئوۋچىلىق ئەسۋاپلىرىنىڭ) ئىگىسى، ئاياللار ئۆي سايمانلىرىنىڭ ئىگىسى»①. دىمەك، ئاياللارنىڭ ئەينى دەۋردىكى رولىنى ئىنكار قىلىش تارىخنى ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە خىلاپ، ئىنسانىيەت تارىخنى ياراتقۇچىلارنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

× × ×

ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا ئانىلىق ھوقۇقچىلىغى ئاخىرلاشقان، ئاياللارنىڭ يېتەكچىلىك ۋە تەشكىللەش رولى ئاساسەن ئاجىزلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ياش بوغۇننى ئوستۇرگۈچىلەر شۇ ئانىلار بولغانلىغى ئۈچۈن، ناھايىتى چوڭ ئېتىۋارغا ئىگە ئىدى ۋە ئىززەت ھورمەت قىلىناتتى... ئاياللار مۇنداق چوڭ ئېتىۋارغا ئىگە بولغانلىقلىرى ئارقىسىدا ھەتتا تولۇق ھوكۇمرانلىق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن»② دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە ئاياللارنىڭ ھوقۇقسىز دەۋردىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغان. يۇنان ۋە ئەرەپلەردە ناھايىتى پەس كورۇلگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، «گېرمانلاردا ئاياللار ناھايىتى چوڭ ھورمەتكە ئىگە بولغان ھەمدە ئۇلارنىڭ جامائەت ئىشلىرىغا تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى». «رىملىقلاردا ئاياللارتېخىمۇ كوپرەك ئەركىنلىككە ۋە ھورمەتكە ئىگە ئىدى»③. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاياللار ناھايىتى چوڭ ھورمەتكە، ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورۈۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن جامائەت ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى مەۋقەلىرى شۇ قەدەر مۇھىم بولغانكى، ئائىلىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى يالغۇز ئەركەكلەردىلا ئەمەس، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە ئورتاق ئىدى. تارىخقا نەزەر تاشلىساق، قەدىمقى ئۇيغۇر دولەتلىرىدە ئەمىر ـ پەرمانلارنى يالغۇز خاقان ناملىلا ئەمەس، خاقان ۋە قاتۇن نامى بىلەن ئورتاق ئىمزا قويۇپ، رەسمىي خالايىق ئارىسىدا ئېلان قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئېنگېلس مۇشۇنىڭغا ئائىت مىساللارنى شەرھلەپ: «بەزى مىللەتلەرنىڭ ئاياللىرى قىلغان ئىش بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىنمۇ كوپ. بۇ مىللەتلەر ئاياللارنى كوپىنچە

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە».

② «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 206 ـ بەت.

③ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 206 ـ بەت.

بىز ياۋروپالىقلارغا قارىغاندا، خېلى ئارتۇق دەرىجىدە ۋە چىن كۆڭلىدىن ئىززەتلەيدۇ»① دېگەن ئىدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختا خېلى بۇرۇنلا دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇغداي تېرىپ يىمەك ماتېرىياللىرىنى تەييارلىغان. خېلى مۇكەممەل قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك چىغ سىۋەتلەرنى نەپىس توقۇيالىغان. شۇنداقلا، خېلى بۇرۇنلا، يىپ بىلەن تېشىدىن ئالماپ ئاياق تىكىش تېخنىكىسىغا ئىگە بولغان. بۇ دېمەك، ئاياللارنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاياللار ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقۇرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى دېخان ئائىلىلىرىدىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاياللار ئەمگىكى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەشقەر، تۇرپان، خوتەن، يەركەن شەھەرلىرى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە. شەھەر ھاياتى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي نوپۇزىغا ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك. لېنىن: «شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشلەش نەتىجىسىدە كونا ئاتىلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەر ئاجىزلىشىپ بارىدۇ، ئاياللارنى تېخىمۇ مۇستەقىل، ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. قەدىمدە ئۇيغۇرلاردا ئائىلە مۈلكى ئىقتىسادىغا ئەر ـ ئاياللار تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئاياللار قارىمىقىدا يەر، چارۋا، باغ ۋە باشقا تەئەللۇقاتلار بولاتتى، ئەر ئۆلسە، بارلىق مۈلۈك ئايالىغا قالاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر ئەمەلدار بولسا، بەزىدە ئەمەلدارلىق ھوقۇقىمۇ ئاياللارغا قالاتتى. دېمەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئىجتىمائىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۇڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې «قۇجۇ ئۇيغۇر خاقانىنىڭ قاتۇنى ۋە تېگىنلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا يىلقىلىرى بارلىقىنى، بەلگىلىرىگە قاراپ ئايرىلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن ئىدى.

بىرىنچى قاراخانىلار دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 550 ـ يىللار) ئۇيغۇر ئاياللىرى يۇقۇرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن ھۆرمەتلىنەتتى. ئۇلارنىڭ مەخسۇس ھۆرمەت نامى بولاتتى. خاقانىنىڭ ئايىلى ناھايىتى ئىززەتلىنىپ «قاتۇن» دەپ ئاتالسا، خاقان ئەۋلادلىرى، ئاغىچە ـ خېنىملار ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن ئەڭ چوڭ دەريانىڭ نامى بىلەن «ئالتۇن تارىم» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر قەھرىمان تۇمارىسنى تىلغا ئېلىش ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

ئايال قەھرىمان تۇمارىس تارىخىي شەخس ئىدى. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە ئىران شاھى كەيخىسراۋ بىلەن قەھرىمانانە ئېلىشىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن تېنىدىن جۇدا قىلغان. كەيخىسراۋ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى

② «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، 173 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىپ، كۆپ ئەللەرنى مۇنقەرز قىلغاندا، تۇمارىس ئۆز يۇرتى ۋە قەبىلىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىدۇ. ئۇ ئەرەنچە ياسىنىپ 20.000 ئايالنى ئەرەنچە ياساندۇرۇپ، 30.000 ئەر بىلەن زور قوشۇن تەييارلاپ، ئۇرۇشتا ئاتلىنىپ غەلىبە قىلغان ئىدى. تۇمارىس ئىنگىلمەس قەھرىمانىنىڭ شانلىق ئۈلگىسى، شۇنداقلا، ئۇ ئۆز قەبىلىسىنىڭلا ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ تىپچىلىق ۋە پاراغىتىنى ئىستىگەن ئىدى.

ھون تەڭرىقۇتلىقى كۈچەيگەن دەۋرلەردە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلىدىن، مىلادىدىن كېيىنكى 90 - يىللارغىچە) ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىدى. خاقانىنىڭ ئاياللىرى، ئانىلىرى، مەلىكە - ئاغىچىلىرى ئىنتايىن ھۆرمەتلىنىپ، گۈزەل بىر خىل ئەقلىكىنىڭ ئىسمى بولغان «ئالچى» (قىزىلچى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈمىزكى، قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلىقىنى ئۆز قولىدا ئايلاندۇرۇۋاتقان باتۇرنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىدىن ئىبارەت ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق پەيتىدە ئالچىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ) رولى ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر خەنزۇدىرا ماتورگى ساۋ يۈ «ۋاڭ جاۋجۈن» ناملىق تارىخىي دىرامىسىدا، ھون تۇردىلىرىدىكى ئايال ئەسكەرلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئاشۇ تارىخىي رىياللىقنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

قەدىمقى كۈسەن (كۇچا) خانلىقىدا خوتۇن - قىزلار ناھايىتى ھۆرمەتلىنەتتى. كۈسەن مۇتەپەككۇرى كۇمىراجىۋانىڭ ئانىسى، كۈسەن خانى ئاقارى پاكنىڭ سىڭلىسى جىۋا ئاقارى ئەينى چاغدىكى خان ئوردىسىدا موتىۋەر خانىش ھېساپلانغان. مىلادى 6 -، 7 - ئەسىرلەردە تۇرپاندا مەخسۇس ئاياللار (ئاتاغلىق ئاياللار بولۇشى مۇمكىن) ھەققىدە شەجەرىلەر يېزىلاتتى. خۇاڭ ۋېنشى ئەپەندى تۇرپاندىن 664 - يىلقى كاڭ پومى ۋە فۇدۇ خانىم شەجەرىسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى دەۋرىدە (605 - يىللاردىن 1336 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىلدى. ئاياللار دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشتىن تارتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە كىرىپ، ئەركىن، دادىل خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ خانلىقنىڭ 5 - خاقانى بازغان ئايال ئىدى. ئۇ 20 يىل (661 — 648)غا يېقىن تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، قەبىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يات كۈچلەرگە قارشى غەلىبىلىك جەڭ قىلغان. بۇ دەۋردە خاقانلار تەختكە سايلىنىش بىلەن ئاياللارمۇ ئوخشاش دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەرلەر «خاقان» ئۇنۋانىنى ئالغاندا، ئاياللار «قاتۇن» ئۇنۋانىنى ئالاتتى. خاقانلار «قاتۇن»

لىققا كۆتىرىلمىگەن ئاياللىرىنى دۆلەت ئىشلىرىغا ئۆز شەخسىيىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلمايتتى. «تېرخۇن مەڭگۈ تېشى» (753 - يىل)دا مۇنداق جۈملە بار: «مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن، خاقان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم». «(ئۆزەمنى) قاغان، (خوتۇنۇمنى) قاتۇن دەپ ئاتاپ، بارگاھىمنى ئۆتۈكەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈگۈزباشقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىگە قۇردۇم» دەپ يېزىلغان. بىز بۇنىڭدىن خاقانلارنىڭ «قاتۇن»ىنىڭ ئوخشاشلا مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

«قامۇسنامە» 226 - جىلدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بوگۇخان ئوردىسىنى كوركەم ياسىغاندىن باشقا، ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس شەھەر «قاتۇن بالىق»نى ياسىتىپ، ئاجايىپ كوركەم نەقىشلەر بىلەن زىننەتلىگەن. يەنە نىگشانىڭ شىمالىدىكى گۈزەل، ھاۋالىق جاي ئىرسىن دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى كول بويىغا «قاتۇن بالىق» شەھىرىنى ياساتقان. بۇ 759 - يىلدىن كېيىنكى ئىشلار. 759 - يىلدىن بۇرۇنلا، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە دائىرىسىدە 5 چوڭ ئۇيغۇر شەھىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىككىنسى «قاتۇن بالىق» ئىدى.

× × ×

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە، تەبىئەت، جەمىيەت قارىشىدا تۇپلۇك ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. دىنىي مەسىلە — بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقات مەسىلىسى، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر، مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان زور ئىجتىمائى مەسىلە. دىن — ئىجتىمائى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى؛ ئۇ مەلۇم سىنىپ، ھۆكۈمران تەبىقە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلانغاندىن كېيىن، دۆلەت باشقۇرۇلۇشىدىكى ھوقۇق قارىشى شۇ دىنىنىڭ ئىسكەنجىسىگە (مەلۇم نىسبەتتە بولسىمۇ) ئوتكەن بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇستقۇرۇلمىغا تەۋە بولغان ھوقۇق قاراش مۇئەييەن جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھوقۇق قاراش پەيدا بولغان ھامان، ئۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە خاس نىسبىي مۇستەقىللىق بولىدۇ. شۇسەۋەپتىن ئىقتىسادىي بازىس پەقەت بىر خىل ھەركەتلەندۇرگۈچ ماددى كۈچ سۈپىتىدە ھوقۇق قاراشنى تۈپ خاراكتىر جەھەتتىن ئۆزگەرتكىنى بىلەن پۈتۈنلەي يېپ - يېڭى ھوقۇق قاراشنى يارىتىپ چىقالمايدۇ. ئۇ پەقەتلا يېڭى سىنىپ، يېڭى

سىياسىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھوقۇق قاراشنىڭ تەرەققىيات نىشانىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇردۇ، خالاس. يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ھوقۇق قاراش كونا ھوقۇق قارىشى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە باغلىماستىن، ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولمايدۇ. ھوقۇق قاراشنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات ئەنئەنىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تامامەن يېپ-يېڭى ھوقۇق قاراشنى يارىتىپ چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھوقۇق قاراشنىڭ مۇنداق تارىخىي ۋارىسلىقى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلىك خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن؛ ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە پەيدا بولۇشتا ھامان ئۆز ساھەسىدە ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. جۈملىدىن، ھەر بىر دەۋردىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ھوقۇق قارىشى تەرەققىياتىنىڭ ئىزنالىرى (ماتېرىياللىرى) بولىدۇ. ھەر قانداق سىياسەت بەلگىلىگۈچى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئاشۇ ھوقۇق قارىشىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، ھەمىشە ئۆزۈقلىنىدۇ. ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن ھوقۇق قاراشنى ئاز بولسىمۇ ئۆگىنىدۇ ۋە تەجرىبە قوبۇل قىلىدۇ. ئەجداتلارنىڭ ئۇرغۇن ئەسىرلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى، ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا يارىتىپ چىققان قانۇنىيەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئەمەلىيىتىگە سىڭدۇرىدۇ. خۇلاسىلىغاندا، مەيلى ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن، مەيلى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا بولسۇن، ياخشى ھوقۇق قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭى ھوقۇق قارىشىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. مۇنداق زۆرۈرىيەتلىكنى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىۋى تەرەققىيات تارىخىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. دېمەك، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە خوتۇن-قىزلارنىڭ ئورنى ھەر خىل بېسىملارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەنئەنە ئاساسىدا داۋاملىق ئۇلۇغلاندى. يۇقۇرى ئورۇن، ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. بۇنداق بولۇشى تارىختىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى. ھوقۇق قارىشىنىڭ راۋاجى ۋە داۋامى بولغانلىقىدا.

ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قانۇنلىرىغا قارىغاندا، مەجلىس ۋە قۇرۇلتايلاردا چوڭلارنىڭ خاتۇنلىرى بەگلەر ۋە شەيخۇلئىسلاملار بىلەن بىرگە بولاتتى. خاتۇنلار قولىدىن كېلىدىغان ھەر بىر ئىشلىرىدا ئەركەكلەرگە ياردەمدە بولاتتى، جەڭلەرگە بىرگە قاتنىشاتتى، ئەرلەردەك ئاتلىق چەۋەندازلىق قىلاتتى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، ناھايىتى قەدىمقى چاغدىلا ئۇيغۇر قىزلىرى توپقا ئوخشاش نەرسىنى تېپىپ ئوينايتتى. شۇنداق ھاللاردا ئۆز تەبىنتى بىلەن يالاڭ-ۋاش يۈرەتتى. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي شىمالدىكى تۈركلەر ئارىسىدا يۈرگەن ئەرەپ ساياھەتچىسى ئىبنى فارلان بىر تۈرك بېگىنىڭ ئۆيىدە مېھمان



www.uyghurkitap.com

بولغاندا، ئۆيدىكى ئايال ۋە قىزلارنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ياغلىقسىز، ئەركىن يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە، ئوچۇق يۈرگەن بۇ ئاياللارنىڭ شۇ قەدەر دۇرۇس ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا يامان مۇئامىلىدە بولۇش ۋە يېقىنلىشىشقا ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان. قاراخان يۈسۈپ قىدىرخان خوتەنگە غازات قىلىپ بارغاندا (1009) ئۇ يەرنى بويسۇندۇرۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، خوتەن خان جەمەتىدىن قابىلىيەتلىك، دۆلەت ئىشلىرىغا كامىل، بىلىملىك بىر ئايالنى خوتەننىڭ ھوكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەپ، رەسمىي خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كەلگەن. بۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئاياللارنىڭ نوپۇزىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىشەنچلىك ماتېريال. بۇ ئايال ھوكۈمدارنىڭ ئاقساقاللارنى يىغىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزگەنلىك سوھبەت خاتىرىسى ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا. قاراخانىلار دەۋرىدە ئادەتتىكى ئاياللار «ئوراغۇت» دەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاياللار، خان جەمەتى، مەلىكىلەر «قاتۇن»، «ئاغىچا»، «ئىنال»، «تۈركەن قاتۇن»، ناھايىتى ھۆرمەتلىكلىرى «ئالتۇن ئۈزۈك»، «ئەردىنى ئۈزۈك» دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇت قەشقىرى مەخسۇس ئاياللارغا خاس 10 نەچچە سۆزلەمگە تەپسىلىي ئىزاھات بەرگەن. بۇ دەۋردە ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى، ئېنىق قىلغاندا، مالىيە، غەزىنە ئىشلىرىنى ئايال ۋەزىرلەر باشقۇراتتى. ئاياللار دائىملىق سەپەرلىرىدە «كەزلەك» دەپ ئاتىلىدىغان پىچاق ياكى ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرىنى يېنىغا ئېسىپ يۈرەتتى. قاراخان مەلىكىسى تۈركەن قاتۇن تۈرك سالجۇق خاقانى مەلىك شاھقا ياتلىق بولۇپ، باغداتقا بارغاندا، ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئۇ كىچىك خانىش بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇۋېلىپ، چوڭ خانىشلاردىن بولغان شاھزادىلارنى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن چەتتە قالدۇرۇپ، ئۆز ئوغلىنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان. ئەمما ئەمەلىي ھوقۇق تۈركەن قاتۇن ئۇنۋانلىق ئاشۇ خانىشنىڭ قولىدا بولغان (بەزىلەر 20 نەچچە يىل ھوكۈمرانلىق قىلغان دەيدۇ). مەھمۇت قەشقىرى قەشقەر مەلىكىلىرىنىڭ يۈرەكلىكلىكى ھەققىدىكى مۇنداق ماقالنى خاتىرىلىگەن: «قىز بىلەن چېلىشما، چۈنكى، قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ، سېنى يىقىتىپ قويىدۇ،..... بۇ خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرىنىڭ سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكىنى ئۈچۈن، خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرۇلۇق چىقىرىلغان ماقال»①.

قاراخان خاقانلىرى ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشى، ھەربىي ماھارەت ئۆگىنىشى، ئورنى، نوپۇزى، ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا دائىم دىققەت قىلىپ كەلگەن. تەڭ-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم.

www.uyghurkitap.com

سىزلىك، خورلىنىش، يەكلىنىشكە قارىتا تەدبىرلەرنى كۆرگەن ھەم باشلامچىلىق قىلىپ، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش جەھەتتە نەمۇنە كۆرسەتكەن. داستانچى روزى مەھەممەت «غېرىپ سەنەم» داستانى ھەققىدە مۇنداق يازغان. سەنەمجان غېرىپنى ئىزلەپ بۇغراخان (سۇلتان ساتۇق بۇغراخان)نىڭ پايتەختىگە بېرىپ قالغان. سەنەمجان ئۆزىنىڭ مۇھەببەت دىشۋارچىلىقىدا تارتقان ئازاب - كۈلپەتلىرىنى بۇغراخانغا بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ غېرىپ ۋە سەنەمگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، خانلىق سەلتەنىتى بىلەن شاھى ئاباسخانغا «نامە»يېزىپ، ئىككى ئاشىق-مەشۇققا زۇلۇم سالماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

ئاياللارنى ئۇلۇغلاش مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى بولغانلىقى، دۇنيادا مەدەنىيەتكە بۇرۇنراق قەدەم قويغان مىللەت ۋە خەلقلەر تارىخى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغانلىقى ئۈچۈن، سەئىدىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مەدەنىي ھاياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى داۋاملىق ئىززەتلەندى. بۇ پىكرىمىزنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى ۋە شائىرەسى مۇقامشۇناس ئامانىيسانىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئامانىيساغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھىندىستاندا قۇرۇلغان تۈرك دۆلىتى — تىمۇرىلەر دەۋرىدە خوتۇن - قىزلار ئىززەتلەندى. ھىندىستاندىكى تاج مەھەل گۈمبىزى ئۆتكەن ئەسىرلەردە سېلىنغان داڭلىق، ئەڭ زور قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، خانىش ئۈچۈن سېلىنغان. ئۇ ھىلىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، شەرق تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىسى بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنى تىمۇرىلەردىن شاھ جاھان (1628 — 1657) ئۆلگەن خانىشى ئۈچۈن بىرقانچە ئون مىڭ ھىند پۇلىنى سەرپ قىلىپ، 20 يىلدا پۈتتۈرگەن. قەۋرە - سارايلار، راۋاق، ئۈچلۈك مۇنارلار ۋە گۈللەردىن تەركىب تاپقان. ھەممىسىلا كاتتا مەرمەردىن ياسالغان. ئەينەك، ھىقىق بىلەن بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، خۇددى مەرۋايىتتەك نۇرلۇق بىزەلگەن. قەشقەردىكى داڭلىق ھېيتكار جامەسىنى زۇلپىيە خېنىم دېگەن كاتتا باي، تۇل خوتۇن ياساتقان ئىدى. قومۇل ۋاڭى مۇھەممەت بېشىر ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى مېھرىبانۇ پۇچۇك خېنىم ۋاڭلىق ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 10 نەچچە يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان. قەشقەرلىك باي ئابدۇللا خوجىنىڭ قىزى ئاغىچا ئايىم قوقان خانى خۇدايارنىڭ ھەرەم خوتۇنلىرى ئىچىدە ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئاياللاردىن ئىدى. ئاغىچا ئايىم پۈتۈن ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. بەزىدە، ئايىم مەملىكەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى. دېمەك، خاننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قەدرى بەك يۇقىرى ئىدى.

× × ×

«ئىنقىلاپ تارىخىنىڭ پاراۋوزى» (ماركس). ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۆز تارىخىدا زورلۇق-زۇلۇمغا قارشى كۆپ قېتىم ئازاتلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ جەمئىيەتنىڭ روھىي قىياپىتىنى يېڭىلاشتا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلغان. «چۈنكى، ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئازاتلىق يولىغا قاراپ ھەر بىر قەدەم تاشلىغاندا ئاياللارنىڭ ئورنى بىر دەرىجە ياخشىلىنىپ بارغان» ① (ستالىن). ستالىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىنسانىيەت تارىخىدا ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ ھەركىتى ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ قاتنىشىشىسىز بولغان ئەمەس». ② بۇ ھۆكۈمنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلاشقا تامامەن مۇمكىن. 1765-يىلى 2-ئايدا ئۇچتۇرپاندا غالدان مانجۇ مۇستەبىتلىرىنىڭ يولسىزلارچە بوزەك قىلىشىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىدا كۆپلىگەن خوتۇن-قىزلار قاتناشقان. ھەتتا، بىر قىسىم باتۇر قىزلار سەپنىڭ ئالدىدا دۈشمەنگە قارشى ئېتىلىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. 1820-يىللاردىكى قەشقەر قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئاياللارمۇ بار ئىدى. قەشقەر قىزى نۇزۇگۇم شۇلارنىڭ بىرى. 1931-يىلى قۇمۇلدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاپ قەشقەرگە يېتىپ، تىپىك ئەھمىيەتلىك بولغىنى ئاتۇشتىن 86 نەپەر ئايال نوغۇچ، كالتەك، چوماق بىلەن قوراللىنىپ، ئۆزلۈكىدىن قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، قوزغىلاڭغا مەدەت بەرگەن، 1937-يىلى 7-، 8-ئايلاردا قوزغىلاڭ كوچاردا داۋاملىشىۋاتقاندا مىڭلىغان خوتۇن-قىزلار قاتناشقان. ئايرودورومنى تالىشىش جېڭىدە كۆپلىگەن ئاياللار، ئۇششاق باللار ئۇرۇش بولۇۋاتقانغا قارىماي، ئۇرۇش مەيدانىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئەرلەرگە لازىمەتلىكلەرنى توشۇپ بېرىپ، پىداكارلىق كۆرسەتكەن. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىرى ئىچىدە كۆپلىگەن ئاياللار بار ئىدى. ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ پەخىرلىك قەھرىمانلىرى مەنسۇرخان ۋە رىزۋانگۈللەر ئەنە شۇلارنىڭ بىر قانچىسى.

× × ×

ئۇيغۇرلار تارىخىدا كۆپلىگەن ئايال شائىرلار، مۇزىكانتلار ئۆتكەن. ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىپتىك شائىرلار، مۇڭلۇق غەزەلخانلار، يارقىن قوشاقچىلاردۇر.

تارىختا، ئۇيغۇر ئايال شائىرلىرىنىڭ نامى، ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە ناھايىتى

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە» 538-بەت.

② ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاز يېتىپ كەلگەن. بۇلارنى ئەلۋەتتە، ئەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي يونۇلۇشىدىن ئىزلەش كېرەك. قەدىمقى ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ خان مەلىكىسى (قىزى) سامىرا كوزگە كورۇنگەن شائىرە ئىدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى چاقناپ تۇرىدىغان كوپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. سامىرا شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى ھازىر پارىژ مىللىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ھىندىستاندا قۇرۇلغان تىمۇرىيلەر دەۋرىدە (1482 — 1530) زېبۇنىسا ناملىق تۇرك شائىرى ئۇتكەن ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ يولدۇشۇم ھەم كىتاپ، بەختىم ھەم كىتاپ، ھەتتا جەننىتىم ھەم كىتاپتۇر»، — دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەسلىك چېقىپ تۇرىدۇ. رىياللىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ئادالەتسىزلىك قارىلانغان.

زۇلپىيە قەشقىرى ئالدىنقى ئەسىردە ئۇتكەن شائىرە. ئۇ «دىۋان زۇلپىيە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋە «زۇلپىيە نامە» ناملىق داستان يازغان. دۇشمەن قېلىچى بوينىغا ئورۇلغانغا قەدەر جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى توختاتمىغان باتۇر قەشقەر قىزى نۇزۇگۇمنىڭ ئوبرازى ھېلىھەم خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە نۇر چېچىپ تۇرماقتا. 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇترىبان قەشقىرى نامىلىق غەزەلخان ئۇتكەن. ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۇيلىرى، مەردانە غەزەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ كەلدى. بۇلاردىن باشقا مۇترىبە، مۇزەييىنە، سېكىنە، ئاجىزە، مەزلۇمە، رابىيە قاتارلىق شائىرەلەر ياشاپ ئۇتكەن. شۇنى قەيت قىلىمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشى ئاياللارنىڭ زور ئەمگىكىدىن ئايرىلمايدۇ. داڭلىق يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئانا - مومىلىرىدىن مۇڭلۇق ھىكايە، چوچەكلەرنى ئاڭلاپ ئوزۇق ئالمىغانلىرى ناھايىتى ئاز.

× × ×

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاساسىي مەۋقە بويىچە يوقۇرى نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، ئىززەتلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ مۇستەبىت زوراۋانلىغى، ھەر خىل دىنىي - خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك تۇپەيلىدىن، كەڭ ئەمگەكچى ئاياللار ئېزىلىش، خارلىنىش، تەڭسىزلىكتىن خالىي بولالمىدى. جەمئىيەتتىكى قىنگىشلىك ئورنى دىگەندەك ئېتىۋارغا ئېلىنماي ھوقۇقسىز، بىلىمسىز ئورۇندا تۇرۇپ، قوش زۇلۇمغا ئۇچراپ كەلدى. لېنىن: «ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان خوتۇن - قىزلار كاپىتالىزىم دەۋرىدە ئىككى تەرەپلىمە ئېزىلىدۇ»، دېگەن ئىدى. ستالىنمۇ: «ئەمگەكچى ئاياللار بارلىق ئېزىلگۇچىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك ئېزىلگەن»، — دېگەن ئىدى.

16 ـ ئەسىردە ياشىغان شائىر موللا نىياز ئاخۇن بىر خوتۇن نامىدىن يازغان «ئەرزنامە» سىدە مۇنداق يازغان ئىدى:

لىۋىم لەئىلى يەكلىخ قەلەمقاش ئىدىم،
جۇۋان ـ چۈرىلەرگە پەقىر باش ئىدىم.
يىگىرمە ئىككى يىل بولۇپ بىر ئۆيدە بىز،
تېپىپ بەش بالا ـ ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز.
دېدى: «ئەي قېرى! بۇ ساقىلىمغا باق،
ساقىلىم قارادۇر، باشىڭ بولدى ئاق!
چىشىڭ ھەم چۈشۈپتۇر، بولۇپسەن قېرى،
خوشۇم يوق چىقىپ كەت كوزۇمدىن نېرى.

ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ ئۇزاق يۈرگۈزگەن سىياسىتى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق تېتىقسىز قاراش تارقىلىپ يۈردى: ئۇلارچە؛ «بىر خوتۇننىڭ ھىلىسى قىرىق ئىشەككە يۈك»، «خوتۇن كىشى توت تامنىڭ قۇلى»، «خوتۇنغا ئىشەنمە، تامغا يۆلەنمە»، «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «خوتۇن كىشى چەپ ياندىن پۈتۈلگەن» بولارمىش. ئادەتتە، خوتۇن كىشىنىڭ گورى ئەرلەرنىڭكىدىن چارەك ھەسسە چوڭقۇر كولىناتتى. چۈنكى، دىنىي قاراش بويىچە، خوتۇن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئەر بىلەن بىر دەرىجە تۇرۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمىش. ئاتالمىش قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ دىنىي قانۇنلىرىدا: «ئاياللار ئەرلەرنىڭ قۇلى»، ھەمدە «ئەر ئۆز خوتۇنىنى ئۇرۇشقا، چېچىنى يۇلۇشقا، قۇلىقىنى ئۈزۈۋېلىشقا ھەقلىق ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا بېرىلمەيدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، مانا مۇشۇنداق قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىلىك بىلەن تولغان قانۇن ـ قائىدىلىرى دىن ئارقىلىق ھوكۇمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ، مىڭ يىللاپ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى چۈمپەردە ئىچىگە بەنت قىلىپ، ھاۋادىنمۇ ئەركىن نەپەس ئېلىشنى توساپ كەلگەن ئىدى.

ئاياللارنى ئىجتىمائىي ھاياتتىن چەتلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت دىنىي ـ خۇراپات ئەقىدىلەرنىڭ زورلۇق بىلەن قوللانغان چارىلىرى بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ھەممە دەۋردە ئوخشاشلا يۈزدە ـ يۈز ئەمەللىشىپ كەتكىنى يوق. ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئىلغار كۈچلەر، كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئاياللارنىڭ تەڭ ھوقۇقلىقىنى، ئەركىنلىكىنى قوغداپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ چۈمپەردە تارتىش، ئىجتىمائىي ھاياتتىن بەكمۇ ئايرىلىش ھادىسىلىرى دىننىڭ ئىسكەنجىسى كۈچلۈك شەھەرلەردە رەسمىلەشتۈرۈلگەن بىلەن، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى مۇسۇلمان ئاياللار سىرتتا، ئۆيدە، ئاشخانىدا ياكى كەپىدە، ئادەتتە، ئەرلەردىن يۈزىنى يوشۇرماي ئىشلەۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بار دېگەندەك، ئۇيغۇر ئاياللىرى خارلىنىش، يەكلىنىش، تەڭسىزلىككە قارشى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا داۋاملىق، ھەرخىل شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىسيانكارلىق روھ ئوتمۇش رېياللىقىنىڭ ھەرخىل دەرىجىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنى رېياللىقتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىكى رابىيە مەۋجۇت تۈزۈمگە، فېوداللىق نىكا مۇناسىۋەتلىرىگە قارشى ئۆزىنىڭ دەس تۇرغان رېيال شەخس ئىدى. تۈزۈمگە فېوداللىزىمغا قارشى قولىغا قورال ئېلىپ، رەسمىي كۈرەشكە ئاتلانغان ئايال جەكچى. قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئايىمخان، ۋاڭنىڭ يولسىزلارچە تەلىۋىنى قەتئىي رەت قىلىپ، تىز پۈكمەي ھوكۈمرانلارغا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، قۇربان بولغانلارنىڭ بىرى. شۇڭا خەلق ئارىسىدا:

تولۇن ئايدەك ئايىمخان،
پەرىزاتتەك يارالغان.
ئۆزەڭ شېھىت بولساڭمۇ،
نامىڭ ئەلگە تارالغان.

دېگەندەك ناخشىلار تارقالغان ئىدى.

جاھالەتلىك كونا جەمىيەت ئاياللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ تاۋلىدى. كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئاياللار ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، مەغلۇبىيەتلەردىن قورقماي، زۇلمەتلىك فېوداللىزىم تۈزۈمى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئازاتلىققا ئىنتىلىپ كەلدى. بۇ كۈرەشلەردە نۇرغۇنلىغان قەھرىمان، ئۈلگىلىك ئاياللار مەيدانغا كېلىپ، كەڭ ئاياللارنىڭ كۈرەش روھىغا ئىلھام بەردى. ئۇلاردىن بىر قىسمىنىڭ نامى قالغانلىرى: ئانارخان، پۈچۈنخان، مايىمخان، چىنمودەن، سارىخان، نازىگۈل، زەيتۇنخان، مەسئۇدە، زىننەتخان، زىلەيخان، نۇرۇننىسا، ئامىنەم، قەمبەرنىسا قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانلىق، ساپ ئەقىدىسى، ئىسيانكارلىقى، گۈزەل، چېچەن، ئىشچانلىقى بىلەن كەڭ خەلققە تونۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، كەڭ خەلق قوشاق ـ داستانلىرىنىڭ تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى.

× × ×

ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ۋەتىنىمىزگە ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنى ئېلىپ كىردى. 1918 ـ يىلدىن بۇرۇن ۋە كېيىن، بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتى يېڭىلىنىشقا باشلىدى. 19-

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاتاغلىق، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە ئالىم ئابدۇقادىر داموللا (1862—1924) مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ بىلىم ئېلىشى، ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلغان داڭلىق ئىسلاھاتچىلارنىڭ بىرى، 30 - يىللاردا ئالىم رىزائىددىننىڭ «مەشھۇر خوتۇن - قىزلار» ناملىق ئەسىرىدە 360 نەچچە مەشھۇر، ھۆرمەتلىك خوتۇن - قىزلار تونۇشتۇرۇلغان. 1930 - يىللاردىن باشلاپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ شىنجاڭغا تېز سۈرئەتتە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. مەكتەپلەر كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، قىزلار رەسمىي، مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى (ئۇلارنىڭ ئايرىم مەكتەپ ۋە سىنىپلىرى بولاتتى). قىزلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئايال ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. جۈملىدىن «سانائىي نەپىسە» تەشكىللىنىپ، ئاممىنىڭ ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرى جانلاندۇرۇلدى. بىرمۇنچە چوڭ ئوپېرا، دراما، كومېدىيە ۋە كونسېرتلار سەھنىلەشتۈرۈلدى. بۇلاردا بىر مەزگىل ئەرلەر ئايالچە ياسىنىپ، ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىققان بولسا، كېيىنچە، بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇنجى قېتىم يۈزىنى ئېچىپ سەھنىگە چىقتى. بۇنىڭ بىلەن سەنئەت تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلىپ، ئاياللارنىڭ چۈمپەردىگە قارشى كۈرىشى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلىندى. بولۇپمۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1-كۈنى غۇلجىدا: «شىنجاڭدا تېچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئىتتىپاق ئاستىدا ئاياللار تەشكىلاتى تەسىس قىلىنىپ، «ئاياللار ساداسى» ناملىق ژورنال نەشر قىلىندى.

× × ×

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، ئاياللارغا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك ئېلىپ كەلدى. قانۇندا ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، بارلىق تەڭسىزلىكلەر بىكار قىلىندى. سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. خوتۇن - قىزلار جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە جەلپ قىلىندى. چۈنكى، «سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ كەڭ ئەمگەكچى ئاياللار قاتناشماي تۇرۇپ، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى».①

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە» 462 - بەت.

(لېنىن). ئاياللارنى ئازات قىلىشنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتى، بارلىق ئاياللارنىڭ قايتىدىن جامائەت ئەمگىكىگە قايتىپ كېلىشىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كەڭ تۈردە ئىجتىمائىي ئەمگەككە جەلپ قىلىنىدى. «ئاياللارنى سىياسىي تۇرمۇشقا جەلپ قىلماي تۇرۇپ، ئاممىنى سىياسىي تۇرمۇشقا جەلپ قىلغىلى بولمايدۇ»① غانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاياللار كەڭ كۆلەملىك سىياسىي تۇرمۇشقا جەلپ قىلىنىپ، ماركسىزىم - لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئايال كادىرلار يېتىشىپ چىقتى.

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا مىڭلىغان ئاياللار جەلپ قىلىنىپ، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېتىشىپ چىقتى.

× × ×

ئۇزۇن تارىختىن بېرى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاياللار ئۇلۇغلىنىپ كەلگەچكە، ئانىلارغا بولغان مەڭگۈلۈك چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ھەر بىر كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشقان. مەسىلەن: «ئاناڭنى يەتتە قېتىم ھەرەمگە يۈدۈپ بارساڭ، كېچىدە بىر قېتىم قوپۇپ، بوشۇگۈڭنى تەۋرەتكەنىڭ قەرزىنى ياندۇرالمايسەن» دېگەن خەلقنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىدە، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمگىكى يۇقىرى باھالىنىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە سۆزلەشكەنلىرىدە ياكى ماقالا - ئەسەر يازغانلىرىدا: «ئانا يۇرت، ئانا ۋەتەن، ئانامدەك مېھرىۋانىمسەن، ئانامدەك قەدىرلىگىم» دېگەن ئەڭ يۈكسەك ئوخشىتىش سۆزىنى ئىشلىتىشىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. «ئانا» دېگەن يالقۇنلۇق سۆز بىلەن ئۆز ئېلىنى، خەلقىنى، ئەڭ ياخشى كۆرگەن قەدىرلىك كىشىلىرىنى ئوخشاتقانلىقى ۋە تەڭلەشتۈرگەنلىكى «ئانا» دېگەن بۇ سۆزنىڭ نەقەدەر زور مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز، ئۇزاق ئەسىرلىك كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا مۇنداق ھېكمەتلىك ماقال - تەمسىللەرنى قالدۇرۇپ كېتىشتى: «ئانا — تاغدەك پانا»، «ئانا ئايىغىدا جەننەت بار»، «ئانىلىق يېتىم گۈل يېتىم، ئاتىلىق يېتىم كۆل يېتىم»، «ئاتاڭنىڭ باغ ھويلىسى بىلەن قالغىچە، ئاناڭنىڭ پىلتە سىۋۇتى بىلەن قالساڭچۇ».

بىز مۇندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلىتى بولغان ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشـ

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە».



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىز كېرەك. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە نوپۇزىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى يەردە قالمىغان بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ئۇچۇق تونۇتۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزمۇ ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك پىرىنسىپىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


(1) «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1979 - يىلى.

(2) «ك. ماركس، ف. ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» II توم.

(3) «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان، رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھېكايىلار» گې باۋچۈەن تۈزگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى.

(4) مورگان: «قەدىمقى جەمئىيەت» 2 - توم، خەنزۇچە.

(5) «قىسقىچە دۇنيا تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى.

× × ×

(6) مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى».

(7) مەھمۇت جوراس: «تارىخىي رەشىدى — زەيلى».

(8) فۇئات كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» تۈركچە، ئىستانبۇل نەشرى.

(9) ئەھمەت قاباقلى: «تۈرك ئەدەبىياتى». ئىستانبۇل، تۈركچە، 1968 - يىلى.

(10) ل. كىلىموۋىچ: «ئىسلام دىنى ۋە خوتۇن - قىزلار»، «قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى» شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1959 - يىل.

(11) ئا. مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام» مىللەتلەر نەشرىياتى، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسۇل سەنئىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى تۆت زات كۆز قارىشى توغرىسىدا» (ماقالا).

(12) ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا».

(13) شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار».

(14) «ئۇيغۇر قىسقىچە تارىخى» (سىناق نۇسخىسى).

(15) «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ھەر قايسى سانلىرى.

(16) «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى» 7 - قىسىم، خەنزۇچە.

(17) بىر قاتار ئىلمىي ژورناللار، يەرلىك گېزىت - ژورناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

رەجەپ يۈسۈپ

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەت سىدىق زەلىلى تەخمىنەن 1674 ـ يىلى يەركەندە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى يەركەندە ئۆتكەن.

ئۇزۇن مەزگىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن ۋە يىپەك يولىدىكى مەشھۇر سودا شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان يەركەن شەھىرى ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» داستانىدا ئەسلەپ ئۆتكىنىدەك، يەركەن شەھىرى «ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ گۈلىستانى، ناخشا ـ ساز، نەغمە ـ ناۋانىڭ بوستانى» ئىدى. شۇڭا، زەلىلى ئەمدىلا مەدرىسە بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان كۈنىدىن تارتىپلا، ئەجداتلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسلار بىلەن تونۇشتى. شۇ زاماننىڭ ئاتاغلىق شائىرى، مۇتەپەككۇر، ئۆلىمالىرى بىلەن ئۇچراشتى. مۇنداق بىر ياخشى مۇھىت ياش تالىپ زەلىلىدە شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىش تۇيغۇسىنى ئويغىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تالانتلىق شائىر بولۇپ يېتىشىشى ئۈچۈنمۇ يېڭى شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

شائىر ياشىغان بۇ دەۋر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى ئاخىرلىشىپ، يېڭى تارىخىي بولۇنۇشلەر ۋە يەرلىك فېئودال گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئارا تەختتالىشىشى كۈچەيگەن زۇلمەتلىك بىر زامانغا توغرا كەلدى. جۈملىدىن، ئەينى ۋاقىتتا يەركەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەرنىڭ كۈرىشى كەسكىنلىشىپ ئاق تاغلىقلارنىڭ «ئىشقىيە» مەزھىبى بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ «ئىسھاقىيە» مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى جىددىيلەشكەن، جۇڭغار خانى غالداننىڭ يەركەن خانلىقى ئۈستىدە يۈرگۈزگەن زۇلمى ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. بۇ تارىخىي داۋالغۇش ۋە پاتپاراقچىلىق شائىرغا ئىنتايىن ئېغىر روھىي ئازاپ

ئېلىپ كەلدى. شائىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئېغىر كەمبەغەللىك ئىسكەنجىسى ئاستىدا ۋە ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ تەقىب قىلىشى ئىچىدە قالغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەدرىسىدە ئوقۇپ دىنىي تەلىم ئالغان شائىردا، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقات ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە شۇ زاماندا ئومۇمى ئادەتكە ئايلانغان «مازايى ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش» ئىستىگى تۇغۇلغان ئىدى. شۇڭا، شائىر 40 يېشىغا كەلگەندە، ئۆز يۇرتىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى كېزىپ، يورۇقلۇق ئىزلەش ۋە مەشھۇر مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، تېخىمۇ كوپ دەرتمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئوسكەن سۈيۈملۈك يۇرتى يەركەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە، بىر پۇل، بىر نانسىز يالاڭ ئاياق يۇرت كېزىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قەشقەرگە بېرىپ مەشھەددە 3 يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ يەركەنگە قايتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئىنىسى دەلىلى ۋە يېقىن دوستى شائىر موللا غەزەل (بۇلارنىڭ ئىسىملىرى تېخى مەلۇم ئەمەس)لەرنى ئېلىپ خوتەنگە كېلىدۇ. زەلىلى خوتەندە 7 يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئانىسىنىمۇ خوتەنگە يوتكەپ كېلىدۇ. ئانىسى خوتەندە ۋاپات بولىدۇ.

شائىر 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ شەھەر كېزىپ، ھەر قايسى جايدىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن، دەرتمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. خەلقنىڭ دەرت ـ پەرياتلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ. جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلمى ۋە خەلقنىڭ كەمبەغەللىك، ئاچ ـ زارلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كوزى بىلەن كورىدۇ. ئۇ شۇ زاماننى مۇنداق يازىدۇ:

ئاستانىدا مۇرىدى كەمتىرىن،
ئۆزۈم مۇسۇلمان قەۋمى ھەم غالدان ھىزىن.

بۇ بىر ئەمەلىيەت شائىرنىڭ قەلبىدە زامانغا بولغان نارازىلىقىنى، خەلققە بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. بۇ زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە چوڭقۇرلىشىشىغا زور تەسىر كورسىتىپ، شائىر ئىجادىيىتىنى ئىلغار تېمىلار بىلەن تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، زۇلمەتلىك زامانغا نەپرەت، خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شائىر زەلىلى ئاخىرقى ئومرىنى خوتەندە ئوتكۈزىدۇ، ئۇ ئومرىنىڭ ئاخىرلىرىدا باشقىلارغا خەت ـ چەك يېزىپ بېرىشنى كەسىپ قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن تاشقىرى، قالغان ۋاقتىنى ئەدەبى ئىجادىيەت بىلەن ئوتكۈزىدۇ. شائىر 80 يېشىدا تەخمىنەن 1755 ـ يىلى خوتەندە ۋاپات بولىدۇ. خوتەن خەلقى چوڭقۇر ماتەم ۋە قايغۇ ئىچىدە شائىرنىڭ جەسىدىنى ئوزى ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن «ئالتۇنلۇغۇم» مەھەللىسىدىكى «ئالتۇن مازارى»غا دەپنە قىلىندۇ. كېيىن، ئۇنىڭ قەۋرىسى «مۇھەممەت سىدىق يەركەندى خەلپەم قەۋرىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، «ئالتۇن مازار»غا تاۋاپ ئۇچۇن كەلگەنلەر شائىرنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلماي قالمايدۇ.

شائىر ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا بىرگە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى بۇ ئەسەرلەر تولۇق توپلىنىپ بولغىنى يوق. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) «سەپەرنامە» داستانى — شائىرنىڭ بۇ داستانى 1720 - يىللىرى، يەنى 44 يېشىدا يېزىلغان. بۇ داستان يەركەندىن قەشقەرگە ۋە يەركەندىن خوتەنگە بولغان سەپەر خاتىرىسىنى مەركىزىي تېما قىلغان بولۇپ، 2800 مىسرادىن تەركىب تاپقان. شائىر بۇ داستاننىڭ باش قىسمىدا، شۇ چاغدىكى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى رامكىسى بويىچە تەڭرىگە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى قەشقەر ۋە ئاتۇش مەشھەدكە قىلىنغان سەپەرنىڭ بايانىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى قىسمى يەركەندىن خوتەنگە قىلغان سەپەرنىڭ بايانى ۋە مازايى - ماشايىخلارغا قىلىنغان زىيارەت خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارىماققا، بۇ داستان يۇرتتىن - يۇرتقا بولغان ساياھەت ۋە مەشھۇر مازايى - ماشايىخلارغا قىلىنغان زىيارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ داستان ئۆزىنىڭ جانىجان يۇرتىغا، ۋەتىنىگە ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر. داستاندا، شائىر ئۆزى كۆرگەن شەھەر - ئۆتەڭ، يېزا - قىشلاق، كەنت، تاغ، چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرىدىن سۆز باشلاپ، بىزنى «جەننەتكە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان» بۇ گۈزەل دىيارنىڭ جۇشقۇنلۇق ھايات قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ، بۇ جايلارنىڭ تەبىي مەنزىرىسى، گۈزەللىكى، خەلقنىڭ رىيال تۇرمۇشى ۋە قايغۇ - ئەلەملىرىنى بايان قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ.

2) «تەزكىرە چىھىلتەن» داستانى. بۇ داستاننى شائىر 1736 - يىلى 60 يېشىدا يازغان بولۇپ، جەمئىي 226 بېيىتتىن ئىبارەت.

3) «تەزكىرەئى خوجا مۇخەممەت شېرىپ» داستانى. بۇ داستاننى شائىر 70 يېشىدا 1744 - يىلى يازغان، جەمئىي 770 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇ داستان سەئىدىيە خاقانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇستازى خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان.

4) شىنجاڭ موزېيىدا ساقلانغان ئىككى قوليازما دىۋان — «دىۋان كۇللىيات زەلىلى»، «دىۋان زەلىلى» دىن ئىبارەت. بۇ ئىككى غەزەللەر توپلىمىغا شائىرنىڭ جەمئىي 133 پارچە غەزەل، 9 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزات، 12 رۇبائىي ۋە 40 تىن ئارتۇق پارچە غەزەللىرى كىرگۈزۈلگەن. زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم قىسمىنى ئۇنىڭ

مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك غەزەللىرى تەشكىل قىلىدۇ. «دىۋان زەلىلى»گە كىرگۈزۈلگەن بەزى غەزەللەر ئۇنىڭ چوڭراق ھەجىمدىكى توپلىمى بولغان «كوللىيات زەلىلى»گە كىرگۈزۈلمىگەن. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ خېلى كۆپلىگىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇندىن باشقا يەركەن، خوتەندىكى مەشھۇر مۇقامچىلار ۋە ھاپىزلارنىڭ ئاغزىدىن يېزىۋېلىنغان بەزى غەزەللىرىدىن، ئۇنىڭ تېخى ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزمىگەن ئەسەرلىرىنىڭ خېلى كۆپلىگىنى بىلگىلى بولىدۇ.

شائىر زەلىلى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەزى جەھەتتە يۈكسەك پەللىدە تۇرالىغانلىقى بىلەن 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا، مۇھىم ئورۇن ۋە شوھرەتكە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇ چاغدا تاشكەنتتە بېسىلغان «توھپەتىل ئابىدى»، «بايازى مۇقىمى»، «دىۋان ماخمۇد قارى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ غەزەللىرىگە شۇ چاغدىكى مەشھۇر شەرق شائىرلىرىدىن بولغان خىلۋىتى، ماخمۇد قارى، ئەمىرى ۋە شائىرەلەردىن ئۇيپىيە ئەنها قاتارلىقلار مۇخەممەس ۋە مۇشائىرىلەر يازغان.

دەسلەپكى ئىزلىنىشلەر بويىچە توپلانغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تورت شائىر ۋە شائىرەلەر زەلىلى غەزەللىرىگە 355 مىسرالىق 10 مۇخەممەس يازغان، بۇ پاكىت شائىر زەلىلىنىڭ 18 ـ ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمەتلىك شائىرى بولۇپلا قالماستىن، ئۆزبەك، تاجىك قاتارلىق شەرق مىللەتلىرى ئىچىدىمۇ يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر زەلىلى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەن خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالىغان. جۈملىدىن، يەركەن ۋە خوتەندىكى مەشھۇر مۇقامچىلار ياكى ھاپىزلار زەلىلى شېئىرلىرىنى مۇقام ئاھاڭلىرىغا ۋە ھوكمەتلەرگە سېلىپ ھازىرغىچە ئوقۇپ كەلمەكتە. بىز بۇ قېتىم زەلىلى ھاياتى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلاش، ئىزلىنىش جەريانىدا يەركەندىكى 80 ياشلىق ۋەقەشۇناس ئابلىز داموللامدىن، ئۇنىڭ دىۋانلىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن نۇرغۇن ئەسەرلىرى خەلق ئىچىدە بار بولۇشىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

خوتەندىكى ئەۋلادى مەشھۇر ھاپىز مۇھەممەت توختى قارى زەلىلى غەزەللىرىدىن خەلق ئىچىدە ھوكمەت قىلىپ ئوقۇلۇۋاتقان نۇرغۇن غەزەللەرنى كۆرسىتىپ، بىزگە مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپ بەردى:

خىيالىمدە يوق ئەردى بىۋاپاغا ئاشنا بولماق،
ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈپ ھىجران ئوتىغا مۇپتىلا بولماق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئىدرىسى
www.uyghurkitap.com

بىرسى قاتتىق دىدى ئى، دوستلىرىم رۇزى ـ قىيامەتنى،
نە قاتتىق كۈن ئىكەن دوستلار، ياردىن جۇدا بولماق.

ئۇندىن باشقا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە شەخسى پەزىلەت ـ سۈپەتلىرى توغرىسىدا، خەلق ئىچىدە ساقلانغان ئەسلىمىلەر خىلى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ھازىرغىچە سۆزلىنىپ كەلمەكتە.
شائىر خوتەندە ياشىغان ۋاقتىدا «ئالتۇنلۇقۇم» كوچىسىدا ئولتۇرغان. شائىر بۇ ھەقتە:

خىزمىتى ھەر شاھۇ ۋەزىرى ـ گادادىن،
سوھبىتى ھەر شەيخى ۋەلىيۇ ـ خۇدا.
ۋاقتى ئىللا تاۋۇپ مەھەللە چاغى،
ۋەلىدەنى كەلتۈرۈپ ئەردىم چاغى①.

شائىر ۋاپاتىدىن كېيىن، بۇ مەھەللىدىكى ناھايىتى نۇرغان كىشىلەر شائىرنى ئەسلەش يۈزىسىدىن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نامىنى «مۇھەممەت سىدىق» قويغان. بۇ نام خەلق ئىچىدە ئەڭ كۆپ كىشىلەرگە قويۇلىدىغان ئىسىم بولۇپ قالغان. مەسىلەن: ھازىرمۇ مۇشۇ «ئالتۇن» كوچىسىدا 7 نەپەر كىشىنىڭ ئىسمى «مۇھەممەت سىدىق» ئىكەن. بەزىلەر ھەتتا شائىرنىڭ نامىنى «مۇھەممەت سىدىق ئەۋلىيا» دەپ تىلغا ئېلىشىدىكەن.

× × ×

پۈرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى لېنىن مىللى مەدەنىيەت ئۈستىدە توختالغىنىدا، ھەر بىر مىللى مەدەنىيەتتە (گەرچە راۋاجلانمىغان بولسىمۇ) دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ روھىي ئېلېمېنتلىرى بار، بۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى مۇقەررەر سۇرئەتتە دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنى تۇغدۇرىدۇ» ـ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇشائىر ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئىلغار ئىدىيىنىڭ بىخلىرىنى، جۇملىدىن، ئاسارەت دۇنياسىنىڭ تار قەپىزىنى چېقىپ تاشلاپ، خەلقنى ئەركىنلىك، مولۇككە ئېرىشتۈرۈشكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنى كۆرىمىز.

بۇكوكۇل بۇلبۇل گويا كى ئاسمان ـ زىمىن قەپەس،
سۇندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەرنەپەس،

① مېنىڭ ئانامنى يەركەندىن خوتەنگە كەلتۈرگەن چېغىم، ئالتۇن مازارنى تاۋاپ قىلىپ، ئالتۇن مەھەللىسىدە ئولتۇرغان ۋاقتىم ئىدى، دېمەكچى.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆزى ياشىغان زاماننى قەپەزگە ئوخشىتىپ، ئۆز كۆڭلىنىڭ بۇ قەپەزنى سۇندۇرۇپ چىقىپ تاشلاشقا تەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە كىم تەرەپتە تۇرۇش، كىمگە ھەمنەپەس بولۇش ۋە كىمگە نەپرەتلىنىش — تارىختا ئۆتكەن ھەربىر يازغۇچى-شائىرنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم مىزانى، شائىر زەلىلى ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ «ئاۋارىلەرنىڭ خىلىدىن» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جاپاكەش خەلق تەرىپىدە تۇرغان مەيدانىنى جاكالايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ «زەلىلى» (خارلانغۇچى) دېگەن تەخەللۇسىنى تاللىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بالا دەشتىدە ئاۋارىلەرنىڭ خىلىدىندۇر مەن،
ئاسار ئولدى مالامەت تاشىغا بۇ جىسمى ئۇرىيانىم،

ئۇ يەنە بىر غەزىلىدە ئەمگەكچى خەلققە، جۈملىدىن، دېھقانلارغا بولغان قىزغىن ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ، دېھقانلارنى ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ ئالىي سىمۋولى بولغان سەمەندەرگە ئوخشاتسا، تورە-بەگلەرنى، خوجىلارنى ئەخلەتكە ئوخشىتىدۇ.

مەغرۇر ناماز ئۆلمىغىن، ئەي زاھىد خۇدبىن،
دېھقان ئېرۇر سەمەندەر، قاشىدا تورە خەستۇر،

شائىر يەنە بىر شېئىرىدا ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ئۇنىڭ قول-چوماقلىرىنى، زالىملارنى «مۇناپىق» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى زۇلۇمغا قارشى «زۇلپىقار» دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا دۇنياغا بولغان كۈچلۈك غەزىۋىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇناپىقلارغا بۇ مەيداندا ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلپىقار، ئەقلىم دۇلدۇل.
زەلىلى شېئىردىن مۇرغى سەھەرخىز،
چەمەندە ئەيلەدى پەريادى غۇلغۇل.

شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز خەلقىنى ئەڭ سۆيۈملۈك يارى ئاتاپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-قازانى تۈگىتىش يولىدا تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ:

خەلقنى كوردۇمكى ئەجەپ دىلرەبا،
يارەب ئۇلار كورمىسۇن ھەرگىز بالا، — دەيدۇ.

شائىر زەلىلى ئۆز زامانىسىدىكى ھەققانىيەت ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پادىشا ۋە ئەمەلدارلارنى ئادىل بولۇش، خەلققە كوڭۇل بولۇشكە ئۈندىگەن ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلايمىز.

ئەي شاھ خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گىردۇن قەدەمگەدىكى غۇبارىڭ بولسۇن،
ھەممەت بىلەن بۇ تۇغ ـ ئەلەم جىلۋىگەر بولدى،
ھەممەت ئىلكىدە زۇلپىقارىڭ بولسۇن.

يەنە بىر شېئىرىدە:

شاھ رەئىيەتكە سەتەم قىلمىغاي،
بىر نەپەس ئەدلىنى كەم قىلمىغاي، ـ دەيدۇ.

ئۆز زامانىسىدا ھوكۇمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنى قوللانغاچقا، ئۇلار ئىلىم ـ پەنگە، ئەدەبىياتقا، سەنئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈرى بولغان نەغمە ـ ناۋاغا ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. جاھىللىقتا چېكىدىن ئاشقان بەزى دىن مۇرىدلىرى خەت يېزىشنى، شېئىر ـ قوشاق توقۇشنى، نەغمە ـ ناۋانى، ئۇسۇلنى ناھايىتى ئۆچ كورەتتى ۋە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى گۇنا ھېسابلايتتى. لېكىن ئىلغار ئىدىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان زەلىلى بولسا، ئۆزىنى «شېئىر ۋە چاڭ، نەيىنىڭ ئەسىرى» دەپ ئاتاپ، خەلقنىڭ بۇ ئىسىل بايلىقىغا ئەڭ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

نەغمە بىلەن تازىدۇر جانلار،
نەغمە بىلەن شات ـ پەرىشانلار.
نەغمە بىلەن روھ گىرىپتارى تەن،
نەغمە بىلەن (كۆلدى) پارامۇش ۋەتەن.

ئەي يارىبۇرادىران ھەمراز،
قەبرىمدە قىلىڭلار نەغمە ـ ئاغاز.
يۈز پارە بولۇپ قىلۇرمەن نالە،
چىققايكىم كېپىنىمدىن تۇرلۇك ئاۋارە.

بىز زەلىلى شېئىرلىرىدىن يەنە شۇنى كورەلەيمىزكى، ئۇ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھەر بىر غېرىچ تۇپرىقى ۋە تاغ ـ دەريالىرىغا،

جۇملىدىن، ۋەتەنىنىڭ بىر بولۇگى بولغان ئۇز يۇرتىغا قىزغىن مۇھەببەت باغلايدۇ. ئۇزىنى ۋەتەن ئىشقىدىكى بىر سەمەندەر ياكى بۇلبۇلغا ئوخشىتىدۇ.

مەن سەمەندەرمەن ۋەتەن دەريايى ئاتەشتۇر ماڭا،
ئەندەلىبى كى هاۋايى باغۇ ـ بوستاندۇرلەزىز.

بولۇپمۇ، ئۇنىڭ «سەپەرنامە» داستانىدا، ئۇزى كېزىپ چىققان ھەر بىر جايـ غا بولغان مۇھەببەت ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئۇچۇن ۋەتەنىنىڭ باغۇ ـ بوستانلىرى ئەمەس، بەلكى چول ـ جەزىرىلىرىمۇ ناھايىتى قەدىرلىكتۇر. ئۇ ئۇزىنىڭ بىر غەزىلىدە قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىغىدىكى مەشھۇر ساي "چولاق"نىڭ چولى توغرىسىدا توختالغاندا:

بۇ قۇش چولاق سايىدا پەرۋاز ئېتەي دەپ،
گۇل ـ غۇنچىلىرى بەلكى قىسىپ بالۇ ـ پەر ئەتتىم، ـ دىسە،

«سەپەرنامە» داستانىدا، يەنە جاڭگاللىرىدىكى توغراقنى چارباققا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى مۇشكى ـ ئەنبەردىنمۇ ئۇستۈن قويىدۇ:

كورسە يىراقتىكى ئەجەپ باغلار،
بارساياقىن بىشەۋۇ ـ توغراقلار.
ھەيبەتى ھەر توغراق ئىرۇر چار باغ،
كوردۇم ئانى شام، بىنۇرى چىراغ.
بويى خۇشى مۇشكى خوتەندىن زىياد،
خارى ـ خەسى مۇشكى ـ سىمەندىن زىياد.

شائىر ئۇچۇن ئۇز يۇرتىنىڭ ھەر بىر يېرى "ماچىنىنىڭ قۇياشى" ۋە "جەنـ نەتتىنمۇ ئارتۇق" ئىدى. ئۇ قارىقاش ناھىيىسىنىڭ بوك ـ باراقسان يېزا ـ قىشـ لاقلىرىغا قەدەم قويغاندا، ئۇز ھاياجىنىنى باسالماي:

غۇنچەئى ماچىن گۇلىدۇر قاراقاش.
شوئلە بېرور چىن ئېلىگە چۇن قۇياش.

دەپ، بۇ جاينى پۇتۇن چىن مۇلكىنىڭ گۇلى ۋە چىن مۇلكىنىڭ نۇرلۇق قۇياشىغا

ئوخشاتقان بولسا، چىرىيە ناھىيىسىنى مىۋە - چىۋىنىڭ كۆپلىگەندە تەڭدىشى بولمىغان يىگانە ماكانغا ئوخشىتىپ، بۇ جاينى كورمىگەنلەر «داغدا قالىدۇ» دەيدۇ:

تۇت تەرىپى چىرە ھەمە باغلار،
كورمىگەن ئادەم يۈرەگى داغلار.
مىۋىسى ھەددىندۇر ئانىڭكى قوزۇن،
نەشپۈتۇ، شاپتۇلۇ ھەم ئۈزۈم - قوغۇن.

قىش كۈندە ئالما، چىلان قاقىدۇر،
مىۋە مەھەللىسىدە چىرە تاقىدۇر.
جەننەت ئەگەر بولسا تىپگىدە دۇرۇر،
پەيزى - فوتۇئى جان رەكىدە دۇرۇر.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لەنگەر رايونى ھەقىقەتەن ئۈزۈمنىڭ مول ئۈزۈمزارلىقى، باغ - بوستانلىرى ۋە قاشتېشىدەك سۈزۈك سۇلىرى بىلەن كىشىگە جەننەتنى ئەسلىتىدۇ. شائىر بۇ جاينى تەسۋىرلىگەندە «سۇ تىلىسەك شەرۋەت بېرىدۇ» دەيدۇ:

لەنگەر ئېلىكەنتى چۇ جەننەت ئېرۇر،
سۇ تىلىسە ئۇرنىغا شەرۋەت بېرۇر.
ھەر تەرەپىدە چىمەنۇ - تەكزار،
لەبالەپ ساي ئۈزرە ياتىبدۇر ھەزار.

زەلىلى يەنە ئۆز شېئىرلىرىدا مەرىپەت قەدرىنى بىلمەيدىغان، رىياكارلىقنى ئۆزىگە دەستەك قىلىۋېلىپ، باتىنى زەھەر - زۇقۇم بىلەن تولغان، ئۆزى ئۇلۇغ سۈپۈرسى قۇرۇق زاتلارنى، دىنىي مەتەئەسسىپلەرنى ساتىرىك قامچا بىلەن قامچىلايدۇ:

قەدرى تاجى - مەرىپەت بىلمەسمىكىن زاھىد ئېلى،
خاتىرە خوشدۇر ھەمىشە جۇببە ۋە داستارىدىن.

يۇقۇرقى پاكىتلاردىن بىز شۇنى كورەلەيمىزكى، زەلىلى ئەسەرلىرىنىڭ يېپتەكچى ئىدىيىسى — خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى

ياقلاش، قاراڭغۇلۇق ۋە جاھىللىقنى ئوت ئېچىش، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن يورۇقلۇق ئىزلەشتىن ئىبارەت.

زەلىلى ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، يۈكسەك پىكىر بىلەن يۈكسەك بەدىئىلىكنىڭ ئۆز ئارا مۇجەسسەملىكى ۋە كۈچلۈك لىرىك ھىسسىياتقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇ ئۆز بەختى ۋە خەلق بەختىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغانلىقىنى مۇنداق بىر يۈكسەك پىكىر ۋە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

بۇلۇت ئەرمەس پەلەكنىڭ ئەۋجى ئۆزرە جىلۋىگەر بولغان،
باشىمغا سايە بولغان ھەردەمى بەختى سىياھىمدۇر.

ئۇ ئىشق ئوتىنىڭ كۆلىچىنى بەدەخشان كانىدىن چىققان ياقۇتلارنىڭ يالتىرىشىغا ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئىشق گويا خەرمەنى ئاتەشنى كۆڭلۈمگە قويار،
شۇئلەسى بولدى فۇزۇن لەئلى بەدەخشان كانىدىن.

زەلىلى ئۆزىنىڭ ھىسسى پىكىرلىرىنى، لىرىكىلىق تۇيغۇلىرىنى ۋە چوڭقۇر پەلسەپىلىككە ئىگە بولغان پىكىرلىرىنى يالىڭاچ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قويۇق بەدىي ۋاستىلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرگەچكە، ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك. جۈملىدىن، شائىر ھېكمەتلىك سۆز ۋە تەمسىللەرنى ئىشلىتىشكىمۇ ناھايىتى ئۇستا.

ئۇ باھار پەسلى، كۈز پەسلى بىلەن ئالماشقاندا، گۈل ـ گىيالار خازاڭ بولۇپ، يەرگە توكۈلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىزگە ئادەم ئۆمرىنىڭ قىسقا ئىكەنلىكىدىن، ۋاقىتنىڭ كۈزنى يۇمۇپ ـ ئېچىپ بولغىچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ:

چىقسا باھار چىمەنى ھۆسنى ئارا،
بۇلبۇل ئىلەن گۈلگە سالىپ ماجرا.
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئەيلەپ خەزان،
تىرە قەبىر ئىچىدە قىلۇرسەن نەھان.

ئۇ بىزگە ئېغىزدىن چىققان سۆزنىڭ ئېتىلغان ئوققا ئوخشايدىغانلىقىنى، شۇڭا، ھەر بىر سۆزنى چوڭقۇر ئويلىنىپ قىلىش لازىملىقىنى، ئورۇنسىز سۆزلەپ پۇشايمانغا قالماسلىقنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

كۆڭۈل ھەرپىشى سەن تىغى زەباندىن ساقلىغىن زىنھار،
بەلى ئاسان ئەمەس ئوق بىرلە ئاتقان يانى يىغماقلىق.

ئۇ ۋىجدانسىز، يامان نىيەت كىشىلەرنى، سۇيىقەستچىلەرنى، بوھتانچىلارنى ئەگرى يىلانغا ۋە گۈل بەرگىدىكى تىكەنكە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ھامان ئاممە نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئەگرى يۈرگەنلىك سەۋەبىدىن يىلان،
خەلق كۆزىدىن قاچار بىگۇمان.
ئەگرىلىكتىن چىمەن ئىچرە تىكەن،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئوزرە ۋەتەن.

زەلىلى غەزەللىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى: ئۇنىڭ تىلى راۋان ۋە چۈشىنىشلىك. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەڭگىل، راۋان، ئاھاڭدار بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ۋە خەلق تىلىغا يېقىندۇر، بۇ ھال شائىرنىڭ خەلق ئىچىدە ياشاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تىلىنى بىلىپ ئۆگەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ:

كىرپىكىڭنى بىر بىرىگە قاقىشىڭ،
تەڭ كېلۇر ئالەمگە ئوتلار ياقىشىڭ.
يا، قاشىڭغا ئوسمە چەككەچ ئەيدى ئول،
قاندازەڭ تۇتقان قېلىچدۇر يا، قاشىڭ.
قىلمادى ئاھىم ئوتى مۇزغا ئەسەر،
ئەي نىگارا، يا يازىڭدۇر يا قىشىڭ.

×

ھەم قېتىق، ھەم سېرىغ ياغۇ قۇرۇت،
ياغلاندى لەشكەر سېرىغ ياغدا بۇرۇت.
يوق ئىدى لەشكەر ئىچىدە ئەركىشى،
ئولجا چۈشتى بىر كىشىگە مىڭ چىشى.

×

كوزلىرى بادام، سىيادىن قارا،
كاكىلىدۇر بەلكى گۇنادىن قارا.

شائىر ئۆزىنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا خوتەننىڭ يەرلىك شېۋىسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل يەرلىك شېۋىلەر يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن دەل جايىدا قوللىنىلغاچقا، گويا بەدىئىي تىل دەرىجىسىدە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز مەنىسىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان:

چىقتى بىيەكبار ئاغچالىرى،
ئۆزى ئۈزۈن قەددى يىگىرمە قارى.

بۇ يەردىكى «ئاغچا» سۆزى خوتەننىڭ يەرلىك شېۋىسىدە «خوتۇن» مەنىسىنى، «قارى» (قېرى) سۆزى گىلەمچى، بوزچى، شايى - ئەتلەس، شاتاۋا، بەقسەمچىلەر ئىشلىتىدىغان گەز مەنىسىنى بېرىدۇ.

شائىر زەلىلى ئەسەرلىرىنىڭ تىل جەھەتتە راۋان ۋە ساپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى قەدىرلەش ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى مىللىي تىلدا ئىپادىلەشكە قىزىقىشتەك يۈكسەك غايىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى مىللەتلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئەرەپ، پارس تىللىرىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، تۈركىي تىلنى بەدىئىي ئەسەر يارىتىشقا بولمايدىغان يارامسىز تىل دەپ قاراش خاھىشلىرى يۈز بېرىپ، بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆز ئەسەرلىرىنى پارس تىللىرىدا يازغان ئىدى. پارىسشۇناسلار بىلەن، تۈركشۇناسلار ھەرقايسى ئۆز تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تالىشىپ، شۆھرەت مەيدانىدا ئات چېپىشىۋاتقان شۇ مەزگىلدە تۈركىي تىلىنىڭ پاساھىتى، نەپىسلىكى ھەققىدە بىرىنچى بولۇپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى مەيدانغا چىقىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلدا يېزىپ، تۈركىي تىلىنىڭ كۈچىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايىش قىلغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئېپكى شېرىيەت بىناسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان زەلىلىمۇ شائىر ناۋايى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ يۈنىلىشكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول تىل بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاممىباپ چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىشقا كىرىشتى. شائىر ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئەسىرىگە «تۈركىي سۆزلەردىن تېرىپ قەلەم يۈرگۈزگەن»لىكىنى پەخىرلەنگەن ھالدا تىلغا ئېلىپ:

تۈرك تەراشىدىن بۇنى خامە قىل،
قەتئى قىلىپ سۆزنى سەپەرنامە قىل، — دەيدۇ.

شائىر ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىشى ۋە ئۇيغۇر مۇقام، ناخشىلىرىغا سىڭىپ ئۆزلىشىپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى تىل جەھەتتە ساپ ۋە راۋان بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

× × ×

شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ 17 - 18 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈكسەك ئورۇن ۋە ئابرويغا ئىگە بولالىشىنىڭ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر خەلق قەلبىدە ياشاپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئوقۇشىغا ۋە مەدھىيىلىشىگە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئۆز ئۆمرىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، ئۇيغۇر شېئرىيەت گۈلزارىنى ئۆزىنىڭ يۈرەك قانلىرى بىلەن سۇغاردى. ئۇنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببەتكە تولغان، ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە مەرىپەتكە تەلپۈنگەن قەلبى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن ئۆزىگە كۈچ ئېلىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت - نادامەتنى كۈيلىدى، ئۆز ۋەتىنى ۋە جانىجان خەلقى ئۈچۈن يورۇقلۇق ئىزلىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شائىر ئۆزى ئېيتقاندەك «سەر سەرى يەلدىن خازان بولمايدىغان سۆزگۈلىستانى»غا ئايلاندى.

شائىر تەنتەنە بىلەن:

نەسلى جاھاندا قالمادى تەلبە زەلىلىنىڭ دىمەڭ،
ئۆلگەندىن كېيىن كورۇڭ ھەر غەزەلدىن بىر ئوغۇل.

دەپ جاكالىغان ۋە ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە ئىز باسار بولۇپ، مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرگەن ئىدى.

شائىر ۋاپاتىدىن 220 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ غايىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن «نەۋرە - چەۋرە»لىرى ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ ئۆزىنىڭ خۇشپۇرىقىنى چاچماقتا.

شائىرنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى جاللات شىڭ شىسەينىمۇ يىغىۋېلىپ تۈگىتەلمىگەن ئىدى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تۇغدۇرغان كونا كىتاپلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈش، مىللىي مىراسلارنى ۋەيران قىلىش شامىلىمۇ شائىر ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتەلمىدى. خەلق قەدىردان شائىر مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆز قارچۇغىدەك ساقلاپ ۋە ئاسراپ قالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي مىراسلارنى توپلاش ۋە ئاسراش، مىللىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىكى دانا سىياسىتى ئەمەلىيلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز خەلقى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1957 - يىلى «تارىم» ژورنىلى، 1980 - يىللىرى «بۇلاق» ژورناللىرىدا ۋە گېزىت - ژورناللاردا قايتا ئېلان قىلىندى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. بۈگۈنكى كۈندە مىڭلىغان ئوغۇل - قىزلار قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزدا ئىجادىي مېھنەت قىلماقتا. ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ غەزەللىرىدىن تۇغۇلغان يېڭى نەسلى سۈپىتىدە ناخشا - ئۇسۇل، مەرىپەت كانىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈيلىمەكتە.

# فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

ئۆزبەك خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۆزبەك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 16 يىلىنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا قاغىلىقتا ئىككى يىل تۇرغان. قالغان 14 يىل ئىچىدە يەركەندە ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، دېموكراتىك روھتىكى مول ئەدەبىي مىراسلىرى باشقا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن بىر قاتاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

تۆۋەندە مەن فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىشلىرىمنىڭ نەتىجىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. فۇرقەت شىنجاڭغا كېلىش ئالدىدا

زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت 1858 ـ يىلى قوقان شەھىرىدە ئوششاق سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى خالمۇھەممەت ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن، ئۆز ئوغلى زاكىرجاننى ئوقۇتۇشقا چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن.

زاكىرجان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ زېھىنلىك بولغانلىقتىن، تېز ئارىدا خەت ـ ساۋادىنى چىقىرىۋېلىپ، كېيىن كۆپرەك ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلغان. ئۇ ناۋائىي، نىزامىي، جامىي، ھاپىز شىرازى ۋە فۇزۇلى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يازغۇچىلار ـ

نىڭ پارس ۋە تۈركى تىللىرىدىكى ئەسەرلىرىنى زوق بىلەن مۇتالىيە قىلغان. نەتىجىدە 9 ــ 10 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدا شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قويغان، يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىم ئېلىشقا قايناق ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن. 14 ياشقا كىرگەندە، قوقاندىكى مەدرىسىلەرنىڭ بىرسىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئەلا ئوقۇغان. لېكىن زاكىرجان 17 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوقۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن، مەدرىسىدىكى ئوقۇشى ۋە ئىجادىي ئىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ چاغدا ئۇ خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، «فۇرقەت» دىگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشقا باشلىغان ئىدى. «فۇرقەت» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئايرىلىش» دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

1878 ــ يىلى فۇرقەت تاغىسىنىڭ تەلىۋى بىلەن پەرغانە شەھرىگە كۆچۈپ بېرىپ، كىچىك بىر دۇكان ئاچقان. پەرغانىدە ئۇ كۈندۈزلىرى دۇكان ئىشى ۋە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش بىلەن بولسا، كېچىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ پەرغانە شەھرىدىكى ئىلىمپەرۋەر كىشىلەر بىلەن دوستلىشىپ، ئۇلار بىلەن ئەدەبىي ساھەدە ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي بىلىمىنى ئاشۇرۇپ تۇرغاندىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ خەت ۋە ئەرزلىرىنى يېزىپ بەرگەن. باللىرىنى ئوقۇتۇپ، ھۆسنخەت ئۆگىتىپ تۇرغان.

1880 ــ يىلى فۇرقەت مەرغىلانغا بارغان. ئۇ يەردە ئۆيلىنىپ كېيىن قوقانغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە قىزغىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شۇندىن كېيىن يەنى 22 ياشقا كىرگەندىن تارتىپ، فۇرقەت ئۆز شېئىرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ، داڭچىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ قوقاندا مۇقىمى، زەۋقى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك دېموكرات شائىرلار بىلەن تونۇشۇپ، يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ تەسىرى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئىدىيە بىرلىكىنىڭ نەتىجىسىدە، بىر قانچە لېرىك شېئىر ۋە ساتىرىلار يازغان.

فۇرقەت مېھنەتكەش خەلق ئەھۋالىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ چار رۇسىيە ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ زۇلمىنى، يەرلىك بايلار ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئازاپ ــ ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، زالىم، جاھىل ئەكسىيەتچى كۈچلەردىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، ئۆز شېئىرلىرىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ ھىس ــ تۇيغۇ ۋە ئارزۇ ــ ئۈمىتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، زالىملارنى قاتتىق سۆككەن، زۇلۇم ۋە ھوقۇقسىزلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئۇنىڭ «تۈف» دىگەن شېئىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

1889 ــ يىلى فۇرقەت يەنە پەرغانىگە كۆچۈپ بارغان. لېكىن ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالماي خوجەندكە كۆچۈپ بېرىپ بىر مەدرىسىدە ياشىغان. ئۇ خوجەندتىمۇ

ئىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ، ئىجادىيەت جەھەتتە ھەمكارلىشىپ ئۆتكەن. بۇ توغرىدا ئۇنىڭ ئۆزى: «ھەرقانداق ياخشى ئادەم ۋە ئالىم كىشى بولسا، بېرىپ سوھبەتلىشىشكە ئىنتىلاتتىم، گاھى شائىرلار بىلەن ئەدەبىي سوھبەتلەرنى ئۆتكۈزدۈم، گاھى ئويۇن - كۈلكە ئەھلىلىرى بىلەن خۇرسەنچىلىك ئولتۇرۇشلىرىدا بولدۇم» دېگەن. بۇنىڭدىن، فۇرقەتنىڭ تۇرمۇشنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە نەقەدەر ئىجتىھات قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

فۇرقەت سالامەتلىكى ناچارلاشقانلىقى سەۋەبىدىن، خوجەنتتىمۇ ئۇزۇن تۇرالماي، شۇ يىلى 5 - ئايدا تاشكەنتكە بارغان ۋە 1891 - يىلى 5 - ئايغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە تاشكەنتتە تۇرغان. لېكىن بۇ قىسقىغىنە ئىككى يىل ئۇنىڭ ھاياتىدا، ئىجادىي پائالىيىتى ۋە دۇنيا قارىشى جەھەتتە زور يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە بىر باسقۇچ بولغان. ئۇ چاغدا تاشكەنتنىڭ مەدەنىيىتى باشقا جايلارغا قارىغاندا خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بىر قىسىم پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، تېلېگىرامما، تىياتىرخانا، ئەدەبىي سەنئەت ۋە فوتو سۈرەتچىلىك يېڭىلىقلىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى. فۇرقەت ئەنە شۇ يېڭىلىقلاردىن ئىلھام ئېلىپ، «ئىلىم خاسىيىتى»، «گىمنازىيە»، «ئېلېكتىر لامپۇچكىسى»، «رويال ھەققىدە»، «سۈرەتنىڭ»، «باغدا» دېگەنگە ئوخشاش ئىلىم - پەننى كۈيلەيدىغان، خەلقنى يېڭىلىققا ئۈندەيدىغان ئىلغار شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ تۇردى. بۇ شېئىرلاردا تەرەققىي قىلىشقا ئاتلانغان پەن - تېخنىكا ئۇتۇقلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چارروسىيە ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ مېھنەتكەش خەلققە سالغان زۇلۇملىرىمۇ خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان. شۇڭا ئۇ نۇرغۇنلىغان ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، ھەر قايسى قاتلام ئەزگۈچى سىنىپلارنى قاتتىق تەنقىت ۋە مازاق قىلغان.

فۇرقەتنىڭ پەن - مەدەنىيەتنى تەرغىپ قىلىشى ۋە ئەزگۈچىلەرنى تەنقىت قىلىشى ھەر خىل رىياكسون گۇرۇھلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، شۇڭا، ئۇلار فۇرقەتنى تەقىپ ئاستىغا ئالغان. فۇرقەتنىڭ ئۆتكۈر ساتىرىك شېئىرلىرىدىن شەرمەندە بولغان بايلارمۇ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراشقان. ئەنە شۇنداق شارائىت ئاستىدا، فۇرقەت باشقا جايلارغا سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ چاغدا فۇرقەت 33 ياشتا ئىدى.

فۇرقەت 1891 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ، چوڭ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە بارىدۇ. ئۇ يەردە بىر ئاز

تۇرغاندىن كېيىن باكۇغا باردۇ. باكۇدىن تۈركىيىگە ئۆتۈپ ئىستامبۇلغا باردۇ ۋە قىشنى ئىستامبۇلدا ئۆتكۈزدۇ. 1892 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىدە بۇلغارىيىگە باردۇ. بولغارىيىدىن گرېتسىيىگە ئۆتۈپ ئۇ جايدا بىر ئاز تۇردۇ ۋە ئاڭلىغان، كورگەن ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، «يۇنان مۇلكىدە بىر ئەپسانە» دىگەن داستانىنى يازدۇ. فۇرقەت بۇ داستانىنىڭ بېشىدىلا:

ئىشتكىل سەرگۇزەشتىكىم سەپەردە،
كوروۋپ خەۋپۇ ـ خەتەرلەر بەھرۇ بەردە①.
كوروۋبان بىئەدەر شەھرۇ ـ دىيارى،
گۈزارىم② چۈشتى يۇنان مۇلكى سارى.

دەپ ئۆزىنىڭ گرېتسىيىگە بارغانلىغىنى بايان قىلىدۇ.
فۇرقەت گرېتسىيىدىن ئىتالىيىگە باردۇ ۋە رىمدا بىر مەزگىل تۇردۇ. رىمدا تۇرغان مەزگىلدە ئۇ ئۆزىنىڭ يار ـ بۇرادەرلىرىگە سالام خەت تەرىقىسىدە «سابا ـ غا خىتاپ» دىگەن شېئىرىنى يازدۇ. ئۇ بۇ شېئىرىدا سابانىڭ تىلى بىلەن:

ئۆزى قوقەندى، ئەمما ئىسمى زاكىر،
قازارا رۇم ئارا بولمىش مۇساپىر.

دەپ ئۆزىنىڭ رىمدا تۇرغانلىغىنى بايان قىلىدۇ.
كېيىن فۇرقەت دېڭىز ئارقىلىق مىسىرغا كېلىدۇ، قاھىرە، ئىسكەندەرىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئەرەبىستانغا كېلىپ مەككىدە زىيارەتتە بولىدۇ. شۇ يىلى كۈز پەسلىدە ئۇ دېڭىز ئارقىلىق ھىندىستانغا كېلىپ بومباي شەھرىدە ئىككى ئاي تۇردۇ. ئۇ بومبايدىن كەشمىرگە مېڭىش ئالدىدا دوستلىرىغا «بومبايدىن خەت» دىگەن شېئىرىنى يازدۇ. خەتتە ئۆزىنىڭ قىلغان سەپەرلىرىنى بايان قىلىپ:

ئىككى ئايدۇر كىم كېلىبان مەككەدىن بومبايدەمەن،
شادمەن ئەلھەمدۇلىللا كورمەدىم ئازارلەر.
يەر يۈزىدە كورمەدىم بومباي كەبى شەھرى ئەزىم،
گەرچى كېزدىم مىسىر ئىلە ئىستەمبۇلۇ بولغارلەر.

دەپ يازدۇ.

---

① بەھرۇبەر ـــ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق.
② گۈزار ياكى گۈزەر ـــ ئوتەر يول.

شائىر بۇ شېئىرى خېتىدە ھىندىستاننىڭ تەبىئىتى، مەدەنىيىتى، ئاسارە ـ
ئەتىقە مۇزېيداۋە ھايۋاناتلار باغچىسىدا كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ، ئۆز
تەسىراتىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم كەشمىرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى
ئۇقتۇرىدۇ. شۇندىن كېيىن فۇرقەت كەشمىرگە بارىدۇ. كەشمىرگە
بارغاندا «كەشمىرلىك قىزغا» دېگەن شېئىرنى يازىدۇ، ئەمما
شائىر كەشمىردە بىر قىش تۇرۇپ، كېلەر يىلى يەنى 1893 ـ يىلى باھاردا شىنـ
جاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## 2. فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ئىجادىي پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى

1893 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 19 ـ يىلى) ياپونىيە، چاۋشيەننى بېسىۋالغان
بولۇپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. چىرىك
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى قارا نىيەت سىشتەيخۇنىڭ قولىغا
مەركەزلەشكەن. گۇاڭشۈي خان قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، سىشتەيـ
خۇ بىر ئوچۇم قورقۇنچاقلارنىڭ پىكىرىگە ئىشىنىپ، ئۇرۇش قىلمايلا قالماستىن،
بەلكى ياپونىيىنىڭ ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان
ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرگە ھەدەپ زەربە بېرىۋاتاتتى. ئۇ مەملىكەتنىڭ ھەربىي كۈچى
ئاجىزلىشىۋاتقانلىقى بىلەن چاتىقى بولماي، پەقەت ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىـ
نىلا ئويلاپ، يىخىيۈەننى كېڭەيتىپ ياساشقا كىرىشكەن ئىدى، دۆلەت غەزىنىسى
قۇرۇغدىنىپ قالغاچقا، كەيپى ـ ساپا ۋە ئەيشى ـ ئىشرەتلەر ئۈچۈن كېتىدىغان
پۇلنىڭ ئورنىنى خەلقتىن شۇلۇۋېلىش ئارقىلىقلا تولدۇراتتى. خان ھوقۇقسىز ۋە
ئىقتىدارسىز بولغانلىقتىن، ئەمەلدارلار مەككارلىشىپ كەتكەن ۋە ھەممىسى ئۆز
نەپسى ئۈچۈنلا چوغ تارتىپ، ئۆزىنى بېيىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن،
دۆلەت ئاجىزلىشىپ، پۇقرالار نامراتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھەر دەرىجىلىك مەنـ
سەپدارلار پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، خىلمۇ ـ خىل
ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى چىقىرىۋېرەتتى، سېلىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پۇقرالار
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ئۆي ـ ماكانىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتلارغا،
ھەتتا چەتئەللەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. يەركەن ۋە يەركەن ئايمىقىغا
قاراشلىق باشقا ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەنە شۇنداق ئېغىر ئىدى.

يەركەن ئايمىقىغا قاراشلىق پوسكام ناھىيىسىنىڭ قىزىلمېچىت دېگەن يېـ
زىسىدا (ھازىرقى ژىما گۇڭشې) سەئىدۇللا ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ
ئۆز زامانىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوتتۇرا ھال دەرىجىدە بىلىم ئېلىپ، موللا

سەئدۇللا دەپ ئاتالغان. ئۇ شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپ خەلق ئىچىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ۋە ھۆنەرۋەنلەر ئارىسىدىكى ساختىپەزلىكلەرنى سۆكۈپ، ھەجۋى شېئىرلارنى يازغان. كېيىنچە، بەگ ۋە پاششاپلارنىڭ زۇلمى ئېغىرلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆز يېزىسىدىكى بەگ ۋە ئەمەلدارلارنى سۆكۈپ 10 نەچچە پارچە شېئىر يازغان ئىدى. ئالۋاڭ - ياساقلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە ئامال قالمىغانلىقى ئۈچۈن، موللا سەئدۇللا ئۆزىنىڭ يۇرت-ماكانى ۋە ئۆي - جايىنى تاشلاپ، كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. فۇرقەت كەشمىردە ئەنە شۇ موللا سەئدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مۇساپىرچىلىقتىن ئىبارەت ئورتاق سەرگۈزەشت ئۇ ئىككىلەننى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دوست بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. فۇرقەتنىڭ شېئىرى تالانتى شېئىرىيەت ھەۋەسكارى سەئدۇللادا چوڭ ھۆرمەت قوزغايدۇ. فۇرقەتنىڭ كەشمىردىن شىنجاڭغا بارماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان موللا سەئدۇللا خۇشاللىق بىلەن يول باشلاپ ئۇنى لاداخ يولى ئارقىلىق خوتەن تەۋەسىدىكى سانجۇ، قوشتاغ رايونلىرى ئارقىلىق قاغىلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. قاغىلىقتا ئۇلار بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، پوسكامغا كېلىپ موللا سەئدۇللانىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭكىدە بىر نەچچە كۈن مېھمان بولۇپ، ئىككىلەن بىرلىكتە يەركەنگە كېلىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقاندا بىر كۈنى ئۇلار توزاق بىلەن تۇتىۋالغان بىر كېيىكنى ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر ئوۋچىغا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. كېيىك ماڭغىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرىۋالغاچقا، ئوۋچى ئۇنى ئاغامچا بىلەن سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىكەن. فۇرقەت بىلەن موللاسەئدۇللا شېئىر ئوقۇشۇپ، ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقتىن، شۇ مەنزىرىدىن ئىلھاملانغان موللاسەئدۇللا فۇرقەتكە ئەنە شۇ كۆرۈنۈش ئۈستىدە بىر شېئىر يېزىشقا تەكلىپ بېرىدۇ، فۇرقەت دەرھال قەغەز، قەلەم چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسىرى: «سەيدىڭ قويە بەر سەيياد» ئىسىملىك مۇسەددەسنى يازىدۇ. بۇ شېئىر ئۇنىڭ شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن يازغان تۇنجى ئەسىرى ئىدى. موللاسەئدۇللا ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىگە ھەيران قېلىپ، ھەر بىر مىسرانى يازغاندا ئۆزىنىڭ زوقلانغانلىقىنى ۋە ھەيران قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، فۇرقەت بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى يەكۈنلىگۈچى مىسراسىغا:

فۇرقەتتە بۇ سەئدۇللا ھەيرا نەگە ئوخشايدۇر.

دەپ يېزىپ سەئدۇللانىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنىمۇ ۋە ئۇنىڭ ھەيران قالغانلىقىنىمۇ قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ.

فۇرقەتنى موللا سەئىدۇللا باشلاپ يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەردە بەزى ئادەملەرنى تونۇشتۇرۇپ قويۇپ پوسكامغا قايتىپ كېتىدۇ. شۇندىن تارتىپ ئۇ ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم يەركەنگە كېلىپ فۇرقەتنى يوقلايدۇ ۋە يازغان ئەسەرلىرىنى كورسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوزىنىڭ ئىلگىرى يازغان ئون نەچچە شېئىرىنى ۋە فۇرقەت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن يازغان يىگىرمە نەچچە پارچە شېئىرىنى جەملەپ «موللا سەئىدۇللا» ئىسىملىك بىر شېئىرى دىۋان قىلغان. كورگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شېئىرى دىۋاندا ئوتتۇز نەچچە پارچە غەزەل بولۇپ، ئاتمىش بەت ئوپچورىسىدە ئىكەن، ھازىر جىددى ئىزلىنىۋاتىدۇ. (يېقىندا تېپىلىپ نەشرگە بېرىلدى).

فۇرقەت يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە جامە ئالدىدىكى كىچىك كولبېشى مەھەللىسىدە ھېكىماخۇن ئىسىملىك كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغان. ۋە رەستىدىكى سوگەت سارىيىنىڭ ئالدىدا ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن دورىلىرى بىلەن دورىگەرچىلىك دۇكىنى ئاچقان. لېكىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى توۋەن، بازار كاساتچىلىق بولغانلىقتىن، دورىلىرىنى ساتالماي، تۇرمۇش كوچۇرۇشى قىيىن بولغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ئولتۇرۇشلاردا تونۇشۇپ قالغان قاغىلىقلىق ئېزىز بەگ دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىققا بېرىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېزىز بەگ فۇرقەتكە سەرمايە ئۇچۇن 200 سەر كومۇش قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فۇرقەتنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ خوتەنلىك سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن تىۋىپنىڭ رەناخان ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، فۇرقەت خۇش ھاۋا، مېۋىلىرى كوپ بولغان بۇ ناھىيىدە ئىككى يىل تۇرۇپ قالىدۇ. قاغىلىقتا تۇرغان ۋاقىتتا فۇرقەت سەئىد مەزھەر ھوسەيىنخان ئوغلى تەجەللى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە يېقىن دوست بولۇپ ئوتۇشىدۇ. تەجەللى بۇ چاغدا ھىندىستاندىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، تىۋىپلىقتا مۇكەممەل بىلىم ئىگەللىگەن، ئەرەپ، پارس، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئوگەنگەن ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ تىلدا بىمالال ئەڭ راۋان شېئىرلارنى يازالايتتى ۋە دىنىي ئىلىم بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئالىم دەپ تونۇلۇپ شوھرەت قازانغان ئىدى. فۇرقەت تەجەللى بىلەن كورۇشكەنلىگىنى ئىزھار قىلىپ:

ئېنىگىلىز زۇلمىدىن بېزگەن تەجەللى،
مېن بىلەن ئۇچرەشىپ تاپتى تەسەللى.

دەپ يازغان.

فۇرقەت بىلەن تەجەللى شېئىرىيەت ۋە تىبابەت جەھەتلەردە بىر ـ بىرى

بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، ئۇلار پارس تىلىدا بىر قاپىيىدە شېئىر يېزىشىدۇ.
فۇرقەت مۇنداق يازغان ئىدى:

كوھكەنرا تىشەچۇن ئەز ئابى تىز نىست،
شەھدى شىرىن جۇز بەكامى خىسرەۋى پەرۋىز نىست.

داد ئەز دەستى بەھارى زىندەگى گەر جۇش ئۇ،
يەك گۇلى چەندان نىكھەت بىزۇرەك ئامىز نىست،

دەر ۋەتەن ئەز جەۋرى گەردۇن خۇررەمى مارانەبۇد،
نى چى تالىى بۇدكى يارەب دەر غەرىبى تىز نىست.

لەھزەئى ئارامۇ ئاسايىش كۇجا يابەد كەسى،
دەر جاھان جۇز شورىشۇ ئاشۇبى رۇستا خىز نىست.

دىدەئەم گۇنتاكى شەمسىددىن: «نىھالى بەختەمەن،
سەبز ئەز ئابۇ ھەۋايى گۇلشەنى تەبرىز نىست».

ئەندەلىبى گۇلشەنى دىھلى چى خۇش گۇفت، ئىن سۇخەن،
«زوبە ھىند ئاۋەردەنى ساھىبدىلا بىچىز نىست».

سوھبەتى ھەمدەرد فۇرقەت، ھەر قەدەر باشەد خۇشەم،
ئەز مۇكەررەر نەغمەئى قالۇن مەلال ئەنگىز نىست.

مەنىسى:
پەرھاتنىڭ كەكىسى ئىبرەت سۈيى بىلەن ئوتكورلەنمىگەن بولسا، شىرىن لىۋىنىڭ شىكىرىنى پەقەن خىسراۋ پەرۋىزلا تېتىغان بولاتتى.
تىرىكلىك باھارىنىڭ جۇشقۇنلىغىدا بىرەر گۇل خۇشبۇيىنى چاچالمىسا ياكى رەڭدار بولمىسا، ئۇنداق باھادىن دات.
پەلەكنىڭ جەۋرىدىن بىزگە ئوز ۋەتىنىمىزدە بىرەر شاتلىق كۈن بولمىغان ئىدى، ئاھ خۇدا بۇ قانداق تەلەيكى، مۇساپىرچىلىقتىمۇ بىرەر شاتلىق كۈن بولمىدى.
جاھاندا غەۋغا، توپىلاڭ ۋە بەختسىزلىكتىن باشقا ھېچنەرسە يوق، بىردەم تېچلىق ۋە راھەتنى كىشى نەدىن تاپقىلى بولار.

شەمسى تەبرىزىنىڭ: «ئەپسۇسكى مېنىڭ بەختىمنىڭ كوچىتى. تەبرىز گۈلشىنىنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىدىن پەرىش تاپالمىدى»، دىگەن سۆزىنى كۆرگەن ئىدىم. دېھلى گۈلشىنىنىڭ بۇلبۇلى خىسراۋ دېھلەۋى: «قەلب ئىگىسى بولغانلارنىڭ ھىندىستانغا يۈزلىنىشى سەۋەپسىز ئەمەس». دەپ نىمە دىگەن ياخشى ئېيتقان ـ ھە!

ھەي فۇرقەت، ھەمدەرتلىرىڭنىڭ سوھبىتى قانچە كوپ بولسا، شۇنچە خوشال بولغىن، چۈنكى قالغۇن قانچە كوپ چېلىنسىمۇ، كىشىگە مالاللىق كەلتۈرمەيدۇ.

تەجەللى مۇنداق يازىدۇ:

مۇنكىرى شېئرى مەرائەز مەرىپەت نەبۇد نەسىپ،
چۇن جەئەل كورا دىماغى نىكھەتى گۈلزار نىست.

ئايەتئى نۇشۇ شىپا دەر شان شەھەد ئامەد ۋەلى،
لەززەتى ئۇرا بىزەۋقى فاسىدى بىمار نىست.

چەشمى تابىنا زىھوسنى رويى يۇسۇپ فارىغەست،
گۇش كەررا بادەمى داۋۇد ئەسلا كار نىست.

ھەمچۇ سۇبھى رەۋشەنەست ئايىنەيى ئىسكەندەرى،
لىك ئەندەر چەشمى زەڭگى غەيرى شامى تار نىست.

گەر بوۋەد ئەز تۇر ياخۇد ئەز جاۋاھىر ساختە،
سۇر مەرادەر كويى كور ئان قىيمەتۇ بازار نىست.

مەنىسى:

مېنىڭ شېئرىمنى ئىنكار قىلغۇچىلار مەرىپەتتىن نەسىۋىسىز قالغانلاردۇر، چۈنكى ئەخلەت ئارىسىدا يۈرىدىغان قوڭغۇزنىڭ دىمىغىغا گۈلزارنىڭ پۇرىقى پۇرىمايدۇ.

ھەسەلدىن ياسالغان شىپالىق دورىلار كېسەلنى ساقايتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا زوقلانمىغان ئادەم كېسىلى ئېغىرلاشسىمۇ ئۇنى ئىچمەيدۇ.

قارغۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىنى كورۇشتىن مەھرۇم، گاسلار داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ.

پۈتۈن جاھاننى سۇبھىدەك روشەن كورسىتىدىغان ئىسكەندەر ئەينىكىگە كوزى غۇۋا ئادەم قارىسا، ئۇنىڭ كوزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسە كورۇنمەيدۇ.

ئەگەر تۇرتىپىدەك كاتتا جاۋاھىردىن سۇرمە ياسالسىمۇ، ئۇنىڭ قارغۇنىڭ كوزىنى ئېچىشقا ھىچقانداق پايدىسى يوق.

خاھى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، خاھى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، سەۋىيىسى يۈكسەك بولغان بۇ شېئىر فۇرقەتنىڭ ئەنە شۇ دەۋر ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە شائىرنىڭ پارس تىلىنى مۇكەممەل ئىگەللىگەنلىكى ۋە بۇ تىلدىمۇ ئەنە شۇنداق گۈزەل ئەسەرلەرنى يازالايدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن فۇرقەت يەركەنگە قايتىپ كېلىپ، يەنىلا ھېكىم ئاخۇننىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقى دۇكىنىنى ئېچىپ كېسەل داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى كۆپىيىپ، كەسىپتە شۆھرىتى چىقىپ، تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ. شېرىپ ئاخۇن ۋە ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىدۇ. ئۇنىڭ شاگىرتى شېرىپ ئاخۇن تىجارەت بىلەن ئۆزبېكىستانغا بېرىپ - كېلىپ تۇرغاچقا، فۇرقەت ئۆزىنىڭ خەت ۋە شېئىرلىرىنى مۇشۇ ئادەم ئارقىلىق ئەۋەتكەن. شېرىپ ئاخۇن خەتلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، فۇرقەتنىڭ دوستلىرىدىن ئۇنىڭغا خەت ئەكېلىپ تۇرغان.

تەجەللىنىڭ قوقاندىكى مۇھيى دېگەن شائىر بىلەنمۇ ئالاقىسى بولغاچقا، فۇرقەت مۇھيىغا تەجەللىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەن، مۇھيى تەجەللىگە يازغان خېتىنى شېرىپ ئاخۇن ئارقىلىق ئەۋەتكەن، فۇرقەت ئۇ خەتنى ئۆز قولى بىلەن تەجەللىگە تاپشۇرغان. تەجەللى بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، مۇھيىغا پارس تىلىدا مۇنۇ مەزمۇندا شېئىر يېزىپ ئەۋەتكەن.

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك،
سېنىڭ لەتىف مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۈم.

فۇرقەت قەلبلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرەلىدى دىللەرگە شىپا.
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلسەن سايراۋەر مۇدام،
بۇ ئالەمدە ناۋايىدەك بولۇپ قال يەكتا.

ئۇ خەت زۇبدە تۇل ھوكۇما دەپ شۆھرەت چىقارغان قوقانلىق مۇھەممەت زاكىرجان ۋاستىسى بىلەن بىزگە تەگدى — تەجەللى، دەپ يازغان.

فۇرقەت بىلەن تەجەللىنىڭ دوستلۇقى تاكى فۇرقەتنىڭ ۋاپاتىغىچە داۋاملاشقان.

فۇرقەت يەركەنگە قايتىپ كېلىپ، 3 - يىلى يەركەننىڭ ئامبىلى يەل كېسەل
بولۇپ پۈتۈن بەدىنىنى جاراھەت بېسىپ كېتىدۇ، شۇ چاغلاردا شۋېتسىيەدىن تار-
قاتقۇچىلىرى يەركەندە ياۋروپاچە دوختۇرخانا ئاچقان ئىدى. ئامبال ئۇلارغا كورۈن-
گەن بولسىمۇ كېسىلى قىلچە ياخشىلانمىغان. ئامبال فۇرقەتنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. فۇرقەت ئۇنى سىناپ
قوشۇلغان دورىلار بىلەن داۋالايدۇ. 3 ئايدىن كېيىن ئامبال پۈتۈنلەي ساقىيىپ كې-
تىدۇ. شۇڭا بەك خوشال بولۇپ كەتكەن ئامبال فۇرقەتكە 300 سەر تەڭگە ئىنئام
قىلغانىنىڭ سىرتىدا شەھەر سىرتىدىكى ماچاڭ دىگەن يەردىكى ھوكۈمەت يېرىدىن
22 مو يەر كېسىپ بېرىدۇ. يەنە بىر قېتىم شەھەر سىرتىدىكى بىر باققا بەزمىگە
چىققاندا، بەزمە قاتناشچىلىرىدىن نىياز ھاجىم دىگەن كىشى كۆچۈلا قوشۇلغان دو-
را يەپ زەھەرلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە، فۇرقەت
سۈت ئىچكۈزۈش، ئۆزىنى سۈتكە چىلاپ ۋاندا قىلىش چارىسى ئارقىلىق ئۇ ئادەم-
نىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۇندىن تاشقىرى دۈكىنىغا كەلگەن كەمبەغەل كې-
سەللەرنى پۇل ئالماي داۋالاپ قويۇش ئىشلىرى كوپ كورۈلگەن.

فۇرقەتنىڭ خۇتۇنى رەناخان تىنۇبىنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىبابەتچى-
لىك ئىشلىرىغا كوپ ياردەملەشكەن. فۇرقەت تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى «ئېكسى-
رى ئەزەم» دىگەن كىتابىنى داۋاملىق ئوقۇپ ئۆگىنىپ تۇرغان. پارس تىلىدىكى
4 توملۇق مۇكەممەل تىببى ئەسەر بولغان بۇ كىتاپ ھازىرمۇ مىللى تىبابەتچىلىك-
نىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

ۋاقتىنىڭ ئوتۇشىگە ئەگىشىپ فۇرقەتنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىمۇ كوپىيىپ با-
رىدۇ. ئۇنىڭ ھەر دائىم ئاجرالماي بىللە يۈرىدىغان دوستلىرى:

(1) باباجان ھاجىم، خوجەندلىك ئوزبەك. كەسپى يىپەكچى بولۇپ، يەركەن
شەھەر ئىچىدە قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1965 - يىلى 96 يېشىدا يەركەندە
ۋاپات بولغان. ئوزى مەرىپەتپەرۋەر، شېئىرنى سۈيىدىغان، شېئىردىن زوق ئالالايدىغان
كىشى بولۇپ، فۇرقەتنىڭ نۇرغۇن قوليازما ئەسەرلىرى مۇشۇ كىشىنىڭ قولىدا ساق-
لانغان.

(2) مەھمۇت قارى ھاجى، خۇيزۇ، تەمبۇرنى ناھايىتى ياخشى چالىدىغان كى-
شى بولۇپ، ئوزى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، فۇرقەت تەمبۇرنى ياخشى چال-
دىغان بولسىمۇ، كوپىنچە، ئولتۇرۇشلاردا مەھمۇت قارى ھاجى چالغان. ئۇ فۇرقەت
بىلەن ئولتۇرۇشقان ۋاقىتتىكى تەمبۇرنى ئېزىزلاپ، تاكى 1957 - يىلغىچە ساقلاپ
كەلگەن. 1957 - يىلى 80 دىن ئاشقاندا، يەركەندە ۋاپات بولغان.

(3) زەينىل ئابىدىن خان، ئاۋغان، ئىلىملىك، سەنئەتكە خۇشتار ئادەم.
يەركەندە تىۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1954 - يىلى يەر-

كەندە ۋاپات بولغان.

(4) سالى ئەلەم، ئۇيغۇر، فۇرقەت بىلەن ئۇلپەت بولۇشقان چاغلاردا تېخى تالىپ ئىكەن. كېيىن بىلىم سەۋىيىسى يۇقۇرى كوتىرىلىپ مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە يەركەنگە ئەلەم بولغان. 1937 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قامىلىپ يەركەن شەھەر سىرتىدا تىرىك كومۇپ ئۇلتۇرۇلگەن.

(5) ئۇمەر ھاجى ئۇيغۇر، بۇ كىشىمۇ شېئىرىيەت‌ھەۋەسكارى بولۇپ، ئۇ چاغدا تېخى ھەج قىلمىغان. بولۇپمۇ باباجان ھاجىم بىلەن فۇرقەتنىڭ دوستلىغى ناھا-يىتى قويۇق بولغان ئىكەن، باباجان ھاجىم فۇرقەتنى چاقىرماي تاماق يىمەيدىكەن. ئۇلپەتلەر بىر جايغا يىغىلىشسا، چاقچاق باشلىنىدىكەن، فۇرقەت شۇنداق خۇشچاق-چاق ۋە ھازىر جاۋاپ بولغان ئىكەنكى، باشقىلارنىڭ گېپى تۈگەپ بولغىچە ئۇنىڭ ئاغزىدىن جاۋاپ چىقىپ بولىدىكەن. فۇرقەت قاتناشقان ھەر بىر سورۇندا بولغان چاقچاق سوزلەر خۇددى لەتىپىگە ئوخشاش تارقاپ، يەركەندە بىر نەچچە كۈنلۈك كۈلكىگە سەۋەپ بولىدىكەن.

يۇقۇرقى سۇپەتلەردىن باشقا يەنە فۇرقەت خەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازىـدىكەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىگە زوقلانغان بىر نەچچە كىشى ئۇنىڭدىن ھوسـنىخەت ئۇگەنگەن. زەينىل ئابىدىنخان شۇلارنىڭ بىرى. فۇرقەت ۋاپات بولۇپ24 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1933 - يىلى يەركەندە تۇنجى قېتىم يېڭىچە مەكتەپ «مەتلەئىل ئىرپان» قۇرۇلغاندا، فۇرقەتنىڭ‌دوستى ۋە شاگىرتى‌زەينىل ئابىدىنخان ئەنە شۇ مەكتەپنىڭ خۇشخەت دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

فۇرقەتنىڭ بىر ھەپتىلىك ھاياتىدا مۇنداق بىر تەرتىپ بولغان. ھەر ھەپـتىنىڭ سەيشەنبە كۈنى ئۇمەر ھاجىنىڭ ئۆيىدە ھوسنىخەت ھەۋەسكارلىرىغا تەلىم بېرىدىكەن. ھەر چارشەنبە كۈنى ئۇلپەتلەر يىغىلىپ، ئۇمەر ھاجىنىڭ بېغىدا ياكى شەھەر ئىچىدىكى باشقا بىرەر جايدا كوڭۇل ئېچىش قىلىپ، شېئىر ئوقۇشۇپ تەمبۇر چېلىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى فۇرقەت ئاغىنىلىرى بىلەن شەـھەر سىرتىدىكى باغلارغا چىقىپ باراۋەت قىلىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. باشقا كۈنلىرى دۇكاندا كېسەل داۋالاش بىلەن بولغان. بىر قېتىمقى چارشەنبە كۈنىدە يۇقۇرقى ئۇلپەتلەرنىڭ ھەممىسى شەھەردىكى بىر ئۆيدە كوڭۇل ئېچىپ ئولتۇرغاندا كەچ كىـرىپ قالىدۇ. ئۆي ئىگىسى بىر لىگەنگە ئۇۋۇتۇلغان ئانار دانىسىنى دوۋىلەپ، لىـگەننىڭ چورىسىگە ئايلاندۇرۇپ بىر نەچچە شام ياقىدۇ. ئانار دانىلىرى شامنىڭ نۇرىنى قايتۇرغاچقا، ئۆينىڭ ئىچى قىپ - قىزىللىققا ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا مەھمۇت قارى ھاجى تەمبۇر چالىدۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇسۇل ئويناپ بېرىدۇ. ئەنە شۇ مەنزىرىدىن ئىلھاملانغان فۇرقەت شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا «چىرايلىق» دىگەن مەشھۇر شېئىرنى يازىدۇ. بۇ شېئىردا فۇرقەت:

ئالما قىزىل يۈزىڭىز، بادام ئىرۇر كۆزىڭىز،
تەئرىپى ئەنجۈرىڭىز، ئانارىڭىز چىرايلىق.

دەپ سورۇندىكى ئەينەن كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ شېئىر كۆپ ئۆتمەي ئاھاڭغا سېلىنىپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ھازىرغىچە ئوقۇلۇپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ شېئىرغا بىر نەچچە شائىرلار مۇخەممەس توقۇغان. جۈمە كۈنىدىكى ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى خېلى كۆپ بولغان. بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئەدەبىيات ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلغان. ئاشۇنداق سورۇنلاردا فۇرقەت ئۆزىنىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەرگەندە، كىشىلەر كۆچۈرۈۋالغان، كېيىن بۇ شېئىرلار ناخشىغا سېلىنغان. فۇرقەت پارس ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگەنگەن ۋە پارس تىلىنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەنلىكىدىن، ئاشۇنداق ئولتۇرۇشلارغا قاتناشقان شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى شۇ ۋاقىتتا ئەڭ قىيىن شېئىرى كىتاب دەپ تونۇلغان «دىۋان مىرزا بىدىل» دېگەن كىتابنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، چۈشەنمەي قالغان يەرلىرىنى فۇرقەتتىن سوراشقان. فۇرقەت ئۇلارغا تەپسىلى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى مانا شۇ تەرىقىدە ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن.

1901 ـ يىلى يەركەندە رەستىگە ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. ئوت فۇرقەتنىڭ دۇكىنى جايلاشقان يەردىكى سوگەت سارايدىن تۇتاشقان بولۇپ، بازار مەركىزىدىكىچە بولغان دۇكانلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كېتىدۇ. شۇ قاتاردا فۇرقەتنىڭمۇ دۇكىنى ۋە بارلىق مېلى كۆيۈپ تۈگەيدۇ. ئەمما ئەزەلدىن پايدا ـ زىيان بىلەن ئانچە ھېساپلىشىپ كەتمەيدىغان فۇرقەت بۇ ئىشتىن كۆپ ھەسرەت چېكىپ يۈرمەيدۇ.

شۇندىن كېيىن، ئۇ يەركەندىكى ئۆزبەكلەرنىڭ ئاقساقىلى كامىلجان ئاقساقالنىڭ ساراي كول بېشىدىكى ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ خۇسۇسى كاتىپلىقىنى قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا كامىلجان ئاقساقال ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ.

1903 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فۇرقەتنىڭ قوقاندىكى دوستى، دېموكرات شائىر مۇھەممەت ئەمىن مىرزا غوجا ئوغلى مۇقىمى ۋاپات بولىدۇ. باشقا دوستلىرى يازغان خەتتىن بۇ خەۋەرنى ئۇققان فۇرقەت تاشكەنت شەھىرىدىكى دوستى موللا تاشپالتۇغا «ياركەنت شەھىرىدىن موللا تاشپالتۇغا خەت» دېگەن شېئىرىنى يازىدۇ. 66 مىسرالىق غەزەل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بۇ شېئىردا، فۇرقەت ئىنتايىن راۋان تىل بىلەن ئۆزىنىڭ يەركەندە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

مەنى ھالىمنى سورىساڭ ياركەنت شەھرىدە ساكىنمەن①
بەھەمدۇللا بولۇپ مەمنۇن ھەمە زەۋقۇ سافالاردىن.

خوتەن ئاھۇلارىدەك ئانچە سەرگەردان بولۇپمەن،
ساچى مۇشكى خىتا رەشكى خەيالى دىلرە بالاردىن.

بەھار ئەييامى سەھرالار فەزاسى باغ بولۇر گويا،
فەراغەتلەر يېتەر دىلغا ھەۋايى جانفەزالاردىن.

مەگە مۇندە مۇقىم ئولماق خۇدا تەقدىرى ئولمىشتۇر،
ئەمەستۇر بەندەلىك دەم ئۇرمەكىم چۇنۇ چەرالاردىن.

خۇدا بەرمىش ئىككى پەرزەنت، نازىمجان، ھاكىمجان،
قاچان بولغەي كوڭۇل ئۇزمەققە بۇ كوز قارالەردىن.

بولۇر كېلگەن كىشى ئوززە غىدە تۇتۇبى بىلەن مەسھۇر②،
تىلسىمدۇر بۇ شەھرى جۇملە ئى ھەيرەت فىزالەردىن.

ۋەگەر نە قىبلە گاھىمنىڭ مۇلاقاتىغا شاپىقمەن،
ۋەلى باردۇر گىلە ئەندەك ئەمەك بىرلە تەغالەردىن.

مانا بۇ فۇرقەتنىڭ يۈرەك سوزى، مانا بۇ ئوز ئومرىدە رىم، قاھىرە، بومبايدەك كاتتا شەھەرلەرنى كورگەن بىر زىيالىنىڭ يەركەندەك بىر كىچىك شەھەردە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سىرى. فۇرقەت ئوز دوستلىرىغا يازغان يەنە بىر خېتىدە: „يەركەننىڭ ئابى ھاۋاسى قوقانغا ئوخشايدىكەن، يەركەننىڭ ئادەملىرى مېھماندوست ۋە خۇشپېيىل ئىكەن. كىشىلەر ماڭا ناھايىتى ياخشى ھورمەت قىلىشۋاتىدۇ. مەن بۇ يەرنى خۇددى ئوز يۇرتۇمدەك ھىس قىلىشۋاتىمەن. شۇڭا، مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە يەركەندە ياشاپ قېلىشنى ئىختىيار قىلدىم» دەپ يازغان. بۇ شېئىرى خەتتىمۇ، يەنە ئوزىنىڭ يەركەندە تۇرۇپ قالغانلىغىنى، يەركەندە ھەممە زەۋقى - ساپالارىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىغىنى، يەركەندە ئوي - ئوچاقلىق بولۇپ قالغانلىغىنى، باھار كۇنلىرىدە يەركەننىڭ يېزىلىرىنىڭ ئىنتايىن گۇزەللىشىپ يۇرەككە ھوزۇر بېغىشلايدىغانلىغىنى، يەركەنگە كەلگەن كىشى خۇددى بىر تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندەك، خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك يەركەندىكى ئاجايىباتلاردىن ھەيرەتتە قالىدىغانلىغىنى، ئوزىنىڭ ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كورگەنلىگى ۋە ئۇلاردىن

① ساكىنمەن — ياشاپ تۇرۇپتىمەن.
② مەسھۇر — سېھىرلەنگەن، مەپتۇن بولغان.

ئايرىلىشقا قىيمايدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېلىش نىيىتى بار بولسىمۇ، قوقاندىكى ئەمەكە ۋە تاغىلىرىدىن رەنجىپ قالغانلىقىدىن بارغىسى كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

فۇرقەتنىڭ يەركەندە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بۇلا ئەمەس ئەلۋەتتە. فۇرقەت ياشىغان دەۋردىكى يەركەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىن بىرى ئىدى. پەقەت شەھەر ئىچىدىلا 60 تىن ئارتۇق مەدرىسە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان تالىپ ئوقۇيتتى. مەدرىسىلەردە سەۋىيىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى تىل، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىنىي دەرسلەر ئوقۇتۇلاتتى. خەلق كەمبەغەل بولغىنى بىلەن مەرىپەتپەرۋەرلىگى كۈچلۈك ئىدى. يەركەندە يېقىنقى بىر ئىككى يۈز يىل ئىچىدە يېتىشىپ چىققان ئالىم، شائىر، يازغۇچى، مۇزىكانت ۋە تارىخچىلار كوپ ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى يۇقۇرى ئىدى. خەلقنىڭ تۇرلۇك بىلىملەر ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان قىزىقىشىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ چاغدا يەركەندە تېخى تاش مەتبە بارلىققا كەلمىگەن بولۇپ، كىتاپلار پەقەت كاتىپلارنىڭ قەلەم بىلەن كوچۈرۈشى ئارقىلىقلا كوپەيتىلەتتى، شۇڭا، خەتنى چىرايلىق يازغان كاتىپنىڭ ئابرويى ئۇستۈن بولاتتى. فۇرقەتتە شائىرلىق، تىۋىپلىق، خەتتاتلىق، سازەندىلىك، خوشچاقچاقلىقتەك كوپ تەرەپلىمە ياخشى سۈپەتلەر بار بولغاچقا، خەلق ئۇنى بەك ھورمەتلىگەن ۋە ياخشى كورگەن. ئۇمۇ مەن بۇ يەردە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيمەن، دەپ تونۇغان. يەنە بىر تەرەپتىن يەركەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سودا مەركەزلىرىنىڭ ۋە جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى بېكەتلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر، رۇسسىيە قاتارلىق خوشنا دولەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى ھەر خىل توۋارلارنى ئەكېلىپ، سودا - سېتىق قىلغان، يەرلىك سودىگەرلەرمۇ چەتئەللەرگە قاتناپ تۇرغان ئىدى. ئۇ چاغدا تاشقۇرغان يولى خەتەرلىك بولغاچقا، چەت دولەتنىڭ سودىگەرلىرى يەركەن ئارقىلىق قاتنايتتى. شۇڭا، تاموژنا ئىدارىسى يەركەندە قۇرۇلغان ئىدى. ئىچكى ئولكىلەردىنمۇ خىلمۇ - خىل توۋارلار كەلتۈرۈلگەچكە، بازار ئاۋات، مال باھاسى نىسبەتەن ئەرزانراق، ئېھتىياجلىق بولغان ھەر قانداق نەرسىنى تاپقىلى بولىدىغان، تۇرمۇش كوچۈرۈش بىر قەدەر ئاسانراق بولغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. جاھاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى كورۈپ تەجرىبە ھاسىل قىلغان فۇرقەتنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە يەركەندە تۇرۇپ قېلىشنى ئىختىيار قىلىشتىكى سەۋەپ يۇقۇرقىلاردىن ئىبارەت.

فۇرقەت ياشىغان دەۋردە يەركەندە ئابدۇللاخۇن شېرىپ ئاخۇن ئوغلى ئىسىملىك شائىر ياشىغان. ئۇ «خەستە» سوزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان ئىدى.

ئۇ 1854 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1907 - يىلى ۋاپات بولغان. ياشقۇرامى فۇرقەت بىلەن تەڭ دىگىدەك بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە خەلق ئارىسىدا مەشھۇر ئالىم دەپ تونۇلغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان «كۇللىياتى خەستە» دىگەن دىۋانىدا 444 پارچە شېئىر بارلىقىنى كىشىلەر ئىسپاتلايدۇ. ئۇ فۇرقەت دۇكان ئاچقان كوچىدىكى مەدرىسىدە مۇددەرىس بولغان. فۇرقەتنىڭ خەستە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ھىچقانداق ماتىرىيال يوق. ئەمما بىر دەۋردە، بىر شەھەر، بىر كوچىدا ياشىغان ئىككى مەشھۇر شائىرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى يوق، دىيىش ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇندىن تاشقىرى فۇرقەتنىڭ شېئىرلىرىدا "خەستە فۇرقەت" دىگەن سۆز بىرقانچە جايدا تەكرارلىنىدۇ، خەستە ئۆز شېئىرلىرىدىمۇ "بىچارە خەستە فۇرقەتتە كەتتى"، "فۇرقەتنىڭ ھىرقەتى بۇ خەستەنى گويا ئېتىپ" دىگەندەك مىسرالار بىلەن فۇرقەت دىگەن سۆزنى كوپ قېتىم ئېغىزغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

فۇرقەت يەركەندە ياشىغان مەزگىلدە، تۈرلۈك دولەتلەردە چىقىدىغان ھەر خىل گېزىت - ژورناللارنى ئېلىپ ئوقۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئوقۇغان گېزىتلىرى ئىچىدە ئەينى زاماندا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستاندا چىقىدىغان «ھەبلۇل مەتىن» (كۈچلۈك ئاغامچا) «پەسھىل ئەخبار» (پاساھەتلىك خەۋەر) دىگەن گېزىتلارمۇ بار ئىدى. 1904 - يىلى 1 - ئايدا پارتلىغان رۇس - ياپون ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئەشۇ گېزىتلاردىن ئوقىغان فۇرقەت ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى ئاقلاپ باسقان ئويدۇرما خەۋەرلىرىگە رەددىيە بېرىپ، شېئىر يېزىپ رۇسىيىگە تاجاۋۇز قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلەيدۇ. 1905 - يىلى يېزىلغان بۇ شېئىر فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدا يازغان بىردىن بىر سىياسى تېمىدىكى شېئىرى ئىدى.

فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدا ياشاپ تۇرغان يىللىرى ئۇنىڭ ۋايىغا يەتكەن يىللىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجات قىلغان ئەسەرلىرىنىڭمۇ سەۋىيىسى يۇقۇرى ئىدى. ئۇ يازغان غەزەللەر ئىچىدە «سېغىنىش»، «باھار كۈنلىرىدە»، «ھېيت»، «ئايلىناي»، «چىرايلىق»، «نازۇك»، «گۈل»، «ئۇ پەرىدەك» دىگەن شېئىرلىرى تەبىئەت ۋە مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، يارقىن ئۈلگىلىرىدۇر. فۇرقەت كېيىنكى يىللاردا «ئاداشقانمەن»، «بىرى»، «ئىستەر كوڭۇل»، «ئۆزۈڭسەن» دىگەندەك نادىر مۇخەممەسلىرىنى يازىدۇ ۋە ناۋائىينىڭ «كورۇپ»، «دوست» دىگەن رادىف بىلەن ئاياقلاشقان ئىككى شېئىرىغە مۇخەممەس يازىدۇ. نۇرغۇن غەزەللەرنى ئىجات قىلىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ «دىباچە ئەۋۋەلى» دىگەن بىر شېئىر توپلىمىنى يېزىشقا باشلايدۇ. «دىباچە ئەۋۋەلى» دىگەن سۆز — ئەۋۋەلقى سۆز بېشى دىگەن مەنىدە

بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىشقا تەييارلىق كورگەنلىكىنى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ توپلامنى تۈگىتىپ يېزىشقا ئۆمرى ۋاپا قىلمىدى، 1909 - يىلى كۆز يەسلىدە 51 يېشىدا بوغۇز ئاغرىقى كېسىلى بىلەن يەركەندە ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا «دىنىاچە ئەۋۋەلى»گە تېخى 10 - 15 ۋاراقچە شېئىر يېزىلغان بولۇپ، ۋاپاتىدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى: «جان بىلار يەردە قازا بار، بالىلىرىم كىچىك بولغانلىقتىن شېئىرلىرىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، بۇ شېئىرلارنى سىز ساقلاپ قويۇڭ» دەپ دوستى باباجان ھاجىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىكەن.

فۇرقەت ۋاپات بولغاندا چوڭ ئوغلى نازىمجان 12 ياش، ئىككىنچى ئوغلى ھاكىمجان 9 ياش، ئۈچىنچى ئوغلى نادىرجان 6 ياشتا قالغان ئىكەن. (نادىرجان ھازىر ھايات) فۇرقەت ۋاپات بولغان كۈنى خۇددى يەركەن تەۋرەپ كەتكەندەك، بارلىق ئادەم ماتەم تۇتۇپ تەزىيە بىلدۈرگەن ۋە نەچچە مىڭلىغان كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن جامەدە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىكى داڭدار مەھەللىگە جايلاشقان ئۆزبەكلەر قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## 3. فۇرقەتنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى

1893 - يىلدىن 1909 - يىلغىچە يەنى 35 يېشىدىن 51 يېشىغىچە بولغان 16 يىل ئىچىدە فۇرقەت شىنجاڭدا ياشىدى ۋە ئىجات قىلدى.

ئۇنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىجات قىلغان ئەسەرلىرى ھازىر بار بولغان ئەسەرلىرىنىڭ 75% نى تەشكىل قىلىدۇ.

فۇرقەت شىنجاڭدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بەزىسىنى خەت بىلەن ئەۋەتىپ، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. بەزىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەشر قىلىنغان. «باياز مەۋلانا مۇقىمى ۋە فۇرقەت»، «باياز گۈلشەنى ئەشئار»، «باياز مۇھەببەت»، «باياز يېڭى»، «توھپەتىل ئابىدىن»، «ئەرمۇغانى خىسلەت»، «باياز ھەزىنى»، «باياز مەئى»قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى تاش مەتبەدە بېسىلغان. فۇرقەتنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان ئەسەرلىرى قولىيازما ھالدا باباجان ھاجىم ۋە فۇرقەتنىڭ باللىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان. 1950 - يىلى ئىرگەش ھاجى دىگەن كىشى كېلىپ، شائىرنىڭ ئۆز باللىرى قولىدىكى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق ئەسەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. باباجان ھاجىمنىڭ قولىدىكى قول يازما ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى 1957 - سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

كەلگەن مەدەنىيەت دېلىگاتسىيىسىنىڭ خادىملىرى، كوچۇرمىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىپ كەتكەن. قالغان 20 پارچىغا يېقىن شېئىرىنى ۋە تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە يازغان بىر قول يازما كىتاۋىنى يەركەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلىغان بولۇپ، 1958 - يىلى بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خادىملارغا يەركەن مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تاپشۇرۇپ بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتۇرۇپ ئەۋەتىلگەن كوچۇرمە نۇسخىسىنى باباجان ھاجىم تاكى ۋاپات بولغىچە ئۆزى ساقلىغان. ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئائىلە تاۋاباتلىرى ساقلاپ كەلگەن. 1967 - يىلى ئىسيانچىلار باباجان ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرماقچى بولغاندا، ھاجىمنىڭ ئايىلى فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قولىيازمىنى ئەپچىقىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇملۇققا كومگەن. شۇ ئاختۇرۇشتىن كېيىن، باباجان ھاجىمنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ بېشىغا خىلمۇ - خىل بالايى - ئاپەتلەر كېلىۋېرىپ، ھاجىمنىڭ ئايىلىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن. بالا - چاقىلىرى قولىيازما كومۇلگەن جاينى تاپالمىغان. نەتىجىدە فۇرقەتنىڭ بىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى قولىيازما يادىكارلىقى مانا شۇ يوسۇندا تۈگەشكەن. ئەمما باسما ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان. فۇرقەتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ۋە يېقىنقى زاماندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن 246 غەزەل (1968 بېيىت)، 2 مۇرەببە (29 كوپلېت)، 25مۇخەممەس،(192 كوپلېت)، 4 مۇسەددەس (38 كوپلېت)،بىر مۇسەببە (7 كوپلېت)، بىر تەرجىبەند (12 غەزەل)، 4شېئىرى خەت (201 بېيىت) بىر مۇستەھزات (9 بېيىت) بىر داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسنىۋى قەسىدە ۋە باشقا تۈردىكى شېئىرلىرى 19 پارچە (جەمئى 921 بېيىت) قاتارلىق 7806 مىسرالىق ئەدەبىي مىراسلىرى ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا بار. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا بۇنىڭ 75% قىسمى شىنجاڭدا يېزىلغان. فۇرقەتنىڭ ئىجادىيىتىنى ئوقۇپ چىققىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن.

1) فۇرقەت تەرەققىيپەرۋەر دېموكرات شائىر؛ فۇرقەت نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئىلىم - پەن ۋە مەرىپەتنى كۈيلەيدۇ. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدىمۇ ئىلغار ئىدىيە خېلى گەۋدىلىك، شائىر ئىلىم - پەننى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

كىشىكىم مەرد ئىرور ئىنساپ لازىم،
بىلۇرغە سوز دۇردىن سەرراپ لازىم.

كىشىكىم بىلدى جۇغراپىيە ئىلمىن،
بۇ سوزگە پىكىر ئېيتىپ كورگۇزدى ھىلمىن.

مەسافەت بەئىدىنى ئەندىشە قىلغەي،
رەسىدىن قانچە يول ياپونغا بىلغەي.

فۇرقەت نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كۆرۈپ، ھەممىلا يەردە خەلقنىڭ نامرات، قالاق ئىكەنلىكىنى ۋە شەپقەتسىز زۇلۇم ئاستىدا قاتتىق قىيىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ خەلققە ئېلىپ كېلىدىغان بەختسىزلىكلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، دۇنيانىڭ تېنچلىنىشى ۋە ئاۋات بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. خەلقنىڭ قايغۇسىنى چۈشەنمەيدىغان، ئازاتلىق، ئەركىنلىكنى ئارزۇ قىلمايدىغان كىشىلەرنى: «ئۇلار ئادەم ئەمەس، ئۇلارنىڭ بېشى يەنچىلىپ، تېنى توپراققا ئايلانسۇن» دەپ لەنەت ياغدۇرىدۇ:

خاك بولسۇن ئۇل تەنىكىم ئىشق ئوتىدا كويمەسە،
زىرىپا بولسۇن سەرىكىم، ئەندە سەۋدا بولمەسە①.

فۇرقەت ئەيلەر ئارزۇ بۇ ئەنجۇمەننى ھەر بەھار،
ئادەم ئەمەس ھەر كىشىدە بۇ تەمەننا بولمەسە.
(«ئومۇر خۇش ئوتمەس»)

ئۇ باشقا شېئىرلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئازات بولۇشىنى، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىنى، كىشىلەرنىڭ ئەركىن، بەختىيار ھايات قۇرۇشىنى، زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقىنى ئۈمىت قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئۈمىتنى زالىملارنىڭ ئىنساپقا كېلىشىگە باغلاپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىشى، شۇ دەۋردىكى بىر خىل ئىلغارلىقنىڭ ئالامىتى. شائىر ئەلۋەتتە ئىنقىلابچى ئەمەس، ئۇ ياشىغان تارىخىي شارائىتتا ئۇنىڭ ئىنقىلابچى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ دۇنيانىڭ تېنچلىقى ۋە خەلقنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە ئاشۇ سىنىپلار تايىنىۋاتقان ئۇستقۇرۇلمىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتتى. ئەمما ئۇ ياشىغان مۇھىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسى، تەرەققىپەرۋەر ئىلغار پىكىرلىرى ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

2) فۇرقەت رېئالىست شائىر: فۇرقەت ئۆز شېئىرلىرىدا دېموكراتىك شائىر سۈپىتىدە تۇرۇپ، رېئال تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ۋە نادانلىقتىن ئىبارەت سەلبىي ھادىسىلەرنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ.

① بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: ھىس - تۇيغۇسىز، ئىشقىسىز باش - ئاياق ئاستىدا توپا بولسۇن.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات تۇرمۇشتىن كەلگەن خام ماتېرىيالنىڭ شائىرانە بەدىي ماھارەت بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن ئىبارەت.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا تەبىئەت مەنزىرىسىگە كەڭ ئورۇن بېرىدۇ. ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە باغلاپ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بايان قىلىدۇ.

دوستلار ئەيشۇ تەرەپ پەسلى باھار ئىستەر كوڭۇل،
ھەر كۈنى سەھرادە سەيرى لالەزار ئىستەر كوڭۇل،
ئەيلەمەك ھەر سارى ئاھۇلەر شىكار ئىستەر كوڭۇل،
كەبىك رەپتارىن كورەرغە كۇھسار ئىستەر كوڭۇل،
داغى خۇرسەند ئەتكۇسى ھەر نىكى يار ئىستەر كوڭۇل.

مۇترىبى خۇش لەھجەلەر تەنبۇرىنى ساز ئەيلەسە،
روھپەۋەر بەيوت ئوقۇپ خىر گاھى ئاۋاز ئەيلەسە،
گاھى «مىسكىن» مەشقىيۇ گاھى «چەۋەنداز» ئەيلەسە،
يەتسە ئەنجامىغا ئول غەيرىنى ئاغاز ئەيلەسە،
گاھى قالۇن، گاھى غىجەك، گاھى دۇتار ئىستەر كوڭۇل،

نىچە كۈن مەھتابى تۈنلەردە ئالىپ تەرفى چەمەن،
تاڭغەچە گۈللەر ئاراسىدە تۇزۇلسە ئەنجۇمەن،
ئاي كەبى قىلسا مۇنەۋۋەر باغ سەھنىنى نەستەرەن،
يارغا نەقش ئولسە سەراسەر سايەئى بەرگى سۇمەن،
ئۈستىغە قىلماق خىنا بىرلە نىگار ئىستەر كوڭۇل.

تەبىئەتتىن زوقلىنىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت ۋە شاتلىق تىلەپ مانا شۇنداق شېرىن، ئىستەكلەرنى قىلىۋاتقان شائىر يەنە زامانىنىڭ ئىسسىق - سوغاقلىرىنى باشتىن كوچۇرۇپ، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە پىشقانلىقى ۋە دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋراننىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىشكە ئىمكان بېرەرمۇ - يوق، دەپ ۋەھىمە قىلىدۇ.

قىلمەسە چەرخى پەلەك دەۋرانىمىز ئىچرە خەلەل،
ئەيلەبان باغى ھاياتىمىز خەزان بادى ئەجەل،
كورگۈزۈپ يۈز جەھد، ئەييامى بەھار ئوتمەن جەدەل.
سەير قىلسەك، ھەر بەھار ئەييامى سەھرايۇ جەبەل،
چۈن زىيارەت ئەتمەك ئەسھابى كىبار ئىستەر كوڭۇل.

گەر پەلەك كەجرەۋلىكىدىن بەخت ياۋەر بولمەسە،
ھەمنىشىنىم ھەر كېچە بىر ماھ پەيكەر بولمەسە،
ئارەمىزدىن بەيتۇل ئەھزانىم مۇنەۋۋەر بولمەسە،
مۇنچە قىلغان ئارزۇلەردىن مۇيەسسەر بولمەسە،
فۇرقەتى ئۇزلەت ئۇچۇن بىر كۇنجى غار ئىستەر كوڭۇل.
(«ئىستەر كوڭۇل»)

شاتلىق ۋە بەختنى ئىزدىگەن شائىر ئوزى ياشىغان دەۋردىن شات-لىق ۋە بەختنى تاپالمىدى، بەلكى تاپالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مەشھۇر ئەسىرى «مۇسەددەس»تە ئۇنىڭ رىيال تۇر-مۇشتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا بولغان قارشىلىقى، ئازاتلىققا ۋە ئەركىنلىككە بولغان كۇچلۇك ئىنتىلىشى ۋە باراۋەرلىكنى ئارزۇ قىلىشى روشەن ئىپادىلەنگەن. گەرچە فۇرقەت بۇ شېئىرنى ئوزى كورگەن بىر ۋەقەدىن ئىلھاملىنىپ يازغان بولسىمۇ، ئوز مىسرالىرىدا ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللىنىپ كېلىۋاتقان ئىدىيىنى شېئىرغا سىڭدۇرۇپ ئوبرازلاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. شائىر يول ئۇستىدە كېتىۋېتىپ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بىر كىيىكنى كورۇپ، ئۇنى ئوزى بىلەن تەقدىرداش دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇۋچىغا ئۇنى قويىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ:

سەيدىڭ قويۇبەر سەييادا، سەيبارە ئىكەن مەندىك،
ئال دامىنى بويىنىدىن، بىچارە ئىكەن مەندىك،
ئوز يارىنى تاپماستىن ئاۋارە ئىكەن مەندىك،
ئىقبالى نىگۇن بەختى ھەم قارا ئىكەن مەندىك،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندىك،
كويگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

كېس رىشتە نىكىم قىلسۇن چەپەكلەر ئاتىپ جەستە،
ھەجرىدە ئەلەم تارتىپ بولدى جىگەرى خەستە،
تاغلارغە چىقىپ بولسۇن يارى بىلەن پەيۋەستە،
كېل قويمە بەلا دامى بىرلە ئانى پابەستە،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندىك،
كويگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك،

بىش كۇن سىپىنىڭ دەۋرىدە بىچارە خىرام ئېتسۇن،
ئاھۇلەر ئىلە ئويناپ ئەيشىنى مۇدام ئېتسۇن،

يامغۇر سۈيى تولگەندە تاغ لالەنى جام ئىچتسۇن،
ھەققىنگە دۇئا ئەيلەپ، ئۇمرىنى تامام ئىچتسۇن،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندىك،
كويگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

شائىر زالىم ئوبرازىدىكى ئوۋچىنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا رەھىم قىلىشقا ئۈندەيدۇ:

سەرگەشتە بۇ ۋادىيدە بىر باشىغە رەھىم ئەيتكىل،
يوق تاقەتى بەندىگە، بەرداشىغە رەھىم ئەيتكىل،
يىغلەپ سىنگە تىرمۇلۇر، كوز ياشىغە رەھىم ئەيتكىل،
رەھىم ئەيتمەسەڭ ئوزىگە، يولداشىغە رەھىم ئەيتكىل،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندىك،
كويگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

تاغدە ئاچىلىپ لالە يەرسە بىزدە بەھار ئولسە،
ئەخىر بۇنىچۇك بىداد، ئالەم ئەكە تار ئولسە،
چىقمەي دىسە جايىدىن، ئۇزلەتتە نىگار ئولسە،
گەر چىقسە بەنى گاھى دامىڭغە دۇچار ئولسە،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندىك،
كويگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

شائىر زالىمغا ئاگاھلاندۇرۇش بىرىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ھىسداشلىقى تۈپەيلىدىن، ھەتتا ئۇنى سىنتۇۋىلىپ، ئوزى ئازات قىلىدۇۋەتمەكچى بولىدۇ.

بىچارىنى زۇلۇم ئەيلەپ، قول بوينىنى باغلابسەن،
ھەر سارى چىكىپ سودرەپ ئولدۇرگەلى چاغلابسەن،
كوكسىنى جەپا بىرلە لالە كەبى داغلابسەن،
سات مىنگە، ئەگەر قەسدىڭ ئالغۇچى سوراغلابسەن.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كوپ يارە ئىكەن مەندىك،
كويگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

يوق ھۇشى، پەرى تىككەن دىۋانەغە ئوخشايدۇر،
كوز ياشى يەنە تولگەن پەيمانەغە ئوخشايدۇر،

غەم سېلى بىلە كۆڭلى ۋەيرانەغە ئوخشايدۇر،
فۇرقەتتە بۇ سەئدۇللا، ھەيرانەغە ئوخشايدۇر،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندىك،
كۆيگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندىك.

بۇ شېئىر ئارقىلىق فۇرقەت تۇرمۇشتىكى رېئال ۋەقەلىكنى ئوبرازلاشتۇرۇپ بايان قىلىش ماھارىتى بويىچە بىر ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا ئىختىيارسىز ھالدا بىر زالىم ۋە بىر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئوبرازى نامايان بولىدۇ ۋە تەبىي ھالدا قەلبىمىزدە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا نىسبەتەن ئېچىنىش ۋە ھېسداشلىق، زالىمغا نىسبەتەن غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ھايات كۈچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئەزگۈچىلەرنىڭ تومۇر تاپىنىدىن قۇتۇلالمىغانلىقى، نەتىجىدە ياشاي دېسە ياشاشقا ئىمكان قالمىغان، ياشىماي دېسە ياشىماي بولمىغان بىر ھالەتتە قىيىنىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئىدى. فۇرقەتنىڭ بۇ شېئىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى رېئالىزىم بىلەن رومانتىزىمنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىكى ئەڭ ياخشى نەمۇنىدۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ شېئىرنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە زوق - شوق بىلەن ئوقۇلۇپ ۋە تەرىپلىنىپ كېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

3) فۇرقەت لېرىك شائىر: فۇرقەتنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە، لېرىكىلار ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. فۇرقەت ئۆز لېرىكىلىرىدا تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ شېئىرلىرىدا باھار، باغ، گۈل، لالە، چىمەن، گۈلزار قاتارلىق تېمىلار تەسۋىرلەنگەن. تەبىئەتنىڭ ھەممە ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان ئەنە شۇ ئومۇمىي گۈزەللىكى ئىچىدىن فۇرقەت ئۆزى خالىغان بىر دىتالىنى تاللىۋېلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىگە خۇددى مۆزىكىدەك لەززەت بېغىشلايدىغان ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ «باھار كۈنلىرىدە» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

بەھار ئەييامىدە كۈل گەشت ئېتەرگە بىر چىمەن بولسە،
قىلۇرغە شەرھى ھال، ئەھلى مۇھەببەت ئىككى تەن بولسە،

خەزان ئەييامىدە ئول تەۋبە قىلگەن بولسە ھەم مەيدىن،
يېتىپ مەيخارەلىكنىڭ مەۋسۇمى پەيمان شىكەن بولسە.

بۇلۇت قەترە فىشانىۇ زوھ ئەفزا سەبزەلەر خەندان،
ئەرىغلەرنىڭ لەبىدە سەبزە كارى بىر چەمەن بولسە.

ھەۋا ھەم مۆئتەدىل، ھەۋزى مۇسەففا، سۇفنەئى دىلكەش،
ئاقەر سۇ غەلت ئۇرۇپ، سىبەرگە ئۇززە مەۋجى زەن بولسە.

سەبۇئى لەئل بىرلەن شىشەئى بەيزا ئۇ ئالتۇن جام،
ئۇ شەل مەجلىسدە ساقى بىر نىگارى سىمتەن بولسە.

گۇل ئۇززە ئەندە لىبۇ سەرۋىنىڭ باشىدە قۇمرىلەر،
يۇزۇ قەد ھەسرەتىدىن ئاھۇ ـ پەريات ئەيلىگەن بولسە.

كىشى تۇبىيۇ كەۋسەر، جەننەتۇ رىزۋانىنى نە قىلسۇن،
جەھان ئەيۋانىدە ھاسىل بۇ يەڭلىغ ئەنجۇمەن بولسا.

سۇرۇرۇ شادلىكنى دەھىر باغىدە نىچۇك كورگەي،
كەمىنە فۇرقەتنىڭ مەسكەنى بەيتۇل ھەزەن بولسە.

ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان شائىر ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك ھايات كوچۈرۈشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. بۇ ئالىجاناپ غايە ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىغا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان باياnlار ئارقىلىق ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈلگەن.

فۇرقەت ساپ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ. مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىشىگە چوڭقۇر تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: «ئوز يارىنىڭ جامالىنى كورۇش، ئىشق ئەھلى ئۈچۈن ھېيت» بولىدىغانلىقىنى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولغان «ھېيت» دېگەن شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار ئالاھىدە كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ:

ئىيد كىم خەلقى جاھانغە باردۇرۇر روزى سەئىد،
دىلبەرا ھەر لەھزە كورمەگلىك جامالىڭ مەنگە ئىيد.

يەڭگى ئاي كورگەن كىشىنى ئىزدەگەيلەر ئىيد ئۈچۈن،
ئارەز ئاچقىلكىم قاشىڭ بىر كورمەك ئەيلەرمەن ئۈمىد.

ئىد ئەيىامى ئەگەر خۇرسەند قىلماق ئىستەسەڭ،
ھەجرىدكە ئىتمە قەرىبۇ، قىلمە ۋەسلىڭدىن بەئىد.

خەلقى ئالەم ئىيدى بىر كۈندە تەمام ئولغەي ۋەلى،
ئارەزىڭ كورگەچ بولۇر ھەر كۈن مېنىڭ ئىيدىم جەدىد.

فۇرقەت ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قاراشنى، مۇھەببەتتە چوقۇم ۋاپادار بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا شېئىرلىرىدا بۇ ئىدىيە تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ يۈكسەك پەللىگە كوتىرىلگەن. ئومۇمەن تەبىئەت مەنزىرىسىنى مۇھەببەت بىلەن باغلاپ تەسۋىرلەش، فۇرقەت لىرىكىسىنىڭ ئەڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

فۇرقەت ياشىغان دەۋرنى ئۆز خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئالغاندا، كىلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرى بىلەن دېموكراتىك ئەدەبىيات باشلانغان دەۋرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئوتكۈنچى دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. فۇرقەتتىمۇ ئەنە شۇ دەۋرگە خاس خۇسۇسىيەت بار، يەنى كىلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس شەكىل، دېموكراتىك ئەدەبىيات دەۋرگە ئائىت مەزمۇندىن ئىبارەت بىر خىل خۇسۇسىيەت بار. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ئۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىكى بەدىي ۋاستىلارنى تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىگە ماس كېلىدىغان رېيالىستىك ئىدىيە بىلەن سۇغارغان. فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدا ياراتقان ئەسەرلىرى ئۆز بەدىيلىگىنىڭ ئۈستۈنلىگى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كەڭ خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى، ئازاتلىق، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى، خەلق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان يۈرەك سادالىرىنى گۈزەل ۋە يالقۇنلۇق مىسرالار بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىي ھوججەتلىرىدۇر.

× × ×

فۇرقەت ئۆزى ياشىغان دەۋردە نى گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى. پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازات بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرى رېياللىققا ئايلاندى. يېڭى تاڭدىن نۇر ئېمىپ، پارتىيە رەھبەرلىگىدە بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن بولغان خەلق ئۆزى ئۈچۈن گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىپ مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىشقا ھەسسە قوشقان سۆيۈملۈك شائىرنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن فۇرقەت ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە ئوقۇتۇلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئاھاڭغا سېلىنغانلىرى ھازىرغىچە ئوقۇلماقتا. پارتىيە ۋە خەلق ھو-

كۆمتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكىنىڭ يوليورۇقى ئارقىلىق 1957 - يىلى يەركەندە فۇرقەتنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. فۇرقەتنىڭ بۇرۇن دەپنە قىلىنغان جايىنىڭ نامۇۋاپىق بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ جەسىدىنى يېڭى جايغا يوتكەپ، بىرنەچچە مىڭ يۇەن پۇل خەجلىنىپ، كوركەم گۈمبەز ياساپ چورىسىغا رىشاتكا بېكىتىلدى. شائىر جەسىدىنى يوتكەش مۇناسىۋىتى بىلەن دەپنە كومىسسىيىسى تەشكىللىنىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىشىشىدا شائىرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيىتى سوزلىنىپ، شائىر ۋاپاتىنىڭ 48 يىللىقى خاتىرىلەندى. خاتىرىلەش يىغىنىدا شائىرلارنىڭ فۇرقەتنى خاتىرىلەپ يازغان شېئىرلىرى ئوقۇلدى. خاتىرە رەسىملەر تارتىلدى. شۇندىن كېيىن تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغىچە، فۇرقەتنىڭ ھايات بار بولغان بالىلىرى نازىمجان ۋە نادىرجانلارغا داۋاملىق غەمخورلۇق قىلىنىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇلدى.

× × ×

فۇرقەت يەركەندە 16 يىل ياشىغانلىقى ۋە يەركەن تۇپرىقىدىن جاي ئېلىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، فۇرقەتنىڭ نامى يەركەننىڭ نامى بىلەن كوپ قېتىم تىلغا ئېلىندى. نۇرغۇن شائىرلار يەركەننى «غەزەلخان فۇرقەت سۆيگەن مۇھەببەتكانى» دەپ تەرىپلەشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىش مۇمكىنكى، فۇرقەت يالغۇز ئوزبەكلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك شائىرى.

خەلقىمىز فۇرقەتنى ئوتمۇشتە ھورمەتلىگەن، ھازىرمۇ ھورمەتلەۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ ھورمەتلەيدۇ. خەلقىمىز فۇرقەت ئەسەرلىرىنى ئوتمۇشتە سۆيۈپ ئوقۇغان، ھازىرمۇ سۆيۈپ ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئولمەس شېئىرلىرىنى كەلگۈسىدىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئىشەنچىمىز باركى فۇرقەتنىڭ نامى دۇنيا بىلەن تەڭ ياشايدۇ.

چەكسىز «ئوتمۇش» «ھازىر»نى ماكان ئېتىدۇ؛ چەكسىز «كەلگۈسى» «ھازىر»نى مەنبە قىلىدۇ. «ئوتمۇش» «بىلەن» «كەلگۈسى»نىڭ ئوتتۇرىسىدا «ھازىر» تۇرىدۇ، ئۇلار «ھازىر» ئارقىلىق باغلىنىدۇ، «ھازىر» ئارقىلىق مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. «ھازىر» ئارقىلىق باشلىنىشىمۇ بولمىغان، ئاياقلىشىشىمۇ بولمىغان بىر ئۇلۇغ رېياللىق بولۇپ قالىدۇ. «ھازىر»نىڭ قوغىرىقى چېلىنىسىلا، چەكسىز ئوتمۇش بىلەن كەلگۈسىنىڭمۇ ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

— لى داجاۋ

# ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا

سالى خۇدابەردى

ئىنسانلاردا بىر بىرى بىلەن باغلىنىشلىق، لېكىن بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر پائالىيىتى بولىدۇ. بۇنىڭ بىر خىلى ئابستراكتلاشتۇرۇش يولى بىلەن جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئورنىغا ئابستراكت ئۇقۇملار، چۈشەنچىلەر، كاتېگورىيىلەر، قائىدىلەرنى دەسسىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئابستراكت تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە لوگىكىلىق تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى مەنتىقە ياكى مۇھاكىمىلىق تەپەككۇر شەكلى دېيىشمۇ بولىدۇ. لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئۆزى ماتېماتىكىلىق لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلى ۋە گىراماتىكىلىق لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسىنى تۈزۈشتە ئىشلەتكەن چېكىت، سىزىق، چەمبەر، ئۈچبۇلۇڭ، كورسەتكۈچ بەلگە، ئاكسىئوما، جۈملە، گىراماتىكىلىق باغلىغۇچىلار، يېلتىز چىقىرىش، ھېسابلاش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئىنسان تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئىككىنچى خىلى جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر دېيىلىدۇ. بۇنى بەدىئىي (سەنئەت) تەپەككۇر ياكى ئېستېتىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتى دېيىشمۇ بولىدۇ. مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، كىنو، دراما، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، كەشتىچىلىك، ئويما سۈرەتچىلىك، سۆز (تىل) سەنئەتكارلىقى قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت ئىجادىيەتلىرى ئەنە شۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلار ئوبراز يارىتىشتا ئىشلىتىدىغان ئاھاڭ، ھەرىكەت، بوياق، گۈزەل تىل، كۆرۈنۈش، مەنزىرە... قاتارلىق ۋاسىتىلارغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇر گەرچە بىر بىرىدىن پەرقلىق ئىككى نەرسە بولسىمۇ، ئۇلار بىر بىرىگە باغلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەقلىي تەپەككۇر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، تولۇقلايدۇ، كۈچەيتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى بىر بى-

رىدىنى ئايرىۋېتىشكە، بىرىنى بىرىگە قارىمۇ - قارشى قويۇشقا، ياكى بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يەنە بىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. يېقىنقى زامان ئىستېتىكا تارىخىمىزغا نەزەر تاشلىساق، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراشلارنى ئايرىم سولچىل پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ بىر مەزگىل رەت قىلىشىغا ئۇرۇنغانلىقىنى، لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ۋە ئايرىم ئابىستراكت ئۇقۇملارنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەدەبىيات - سەنئەت مۇھىمى ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئەدەبىيات - سەنئەتتە مەنتىقى مۇھاكىمە بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ۋە پېرسوناژلار تەسۋىرىدىن باشقا، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى ھەم ئۇلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئاپتورنىڭ مۇھاكىمىلىرىنىمۇ دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. ئىلىم - پەندە، مۇھىمى لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇمۇ، ئىلىم - پەندە ئوبرازلىق تەپەككۇر بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مەلۇم ئاسترونومىيە تەتقىقات ئورگىنى كۈن تۇتۇلىدىغانلىقى ھەققىدە: «كائىنات موكۇ -موكۇلەك ئويناۋاتىدۇ، كۈن ئاينىڭ كەينىگە موكۇۋالدى.» دەپ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنى رېئالىستىك ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاسىتىسى تىپىك بەدىئىي ئوبرازدىن ئىبارەت. تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش — ئەدەبىيات —سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈپكى قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىنىڭ قەدىمقى سادda شەكىللىرىدىمۇ، يېقىنقى زامان شەكىللىرىدىمۇ ۋە راۋاجلانغان ھازىرقى زامان شەكىللىرىدىمۇ بەدىئىي ئوبرازدىن بىردەممۇ ئايرىلغان ئەمەس. دېمەك ئوبراز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھاياتى. بەدىئىي ئوبرازدىن ئايرىلغاندا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بەدىئىي ئوبراز ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر مەسىلىسى تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولغان ئىدى. ئۇلار ئىستېتىكىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە مۇھاكىمە قىلغان.

قەدىمدىن تارتىپ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئالىملىرى گەرچە ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن ئاتالغۇنى رەسمىي ئىستېتىك ئۇقۇم سۈپىتىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا شۇنىڭغا يېقىن ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىزاھلىغان.

جۇڭگونىڭ ۋېجىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەدەبىيات نەزىرىيەچىسى ليۇشې (465 — 531) ئۆزىنىڭ «ۋېنشىندياۋلۇڭ» (文心雕龙) ناملىق

ئەسىردە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى باشتىن ـ ئاخىر ئوبراز بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ: «تەپەككۇرنىڭ ئىسسىقلىقى ئوي بىلەن شەيئىنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىدۇر①. دەپ كۆرسەتكەن. ليۇشې يەنە شەيئىلەردىكى ھادىسە بىلەن ماھىيەتنىڭ يازغۇچى سەنئەتكارلار مىڭىسىدىكى ئوزئارا ئۆزگىرىش — بىر بىرىگە يۇرۇشۇش جەريانى توغرىسىدا توختالغاندا، بۇ جەريان «شائىرلارنىڭ ئوخشىتىش، تەمسىل قىلىش...نەتىجىدە شەكلىنى كۆزىتىپ مەزمۇنىنى ئېلىش» جەريانىدۇر②. دىگەن. ليۇشې، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى باشتىن ـ ئاخىر ھېسسىيات جەھەتتىكى ھاياجان بىلەن بىرگە بولىدىغانلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا: شائىرلار شېئىرنى ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يازىدۇ③». دىگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

10 ـ ئەسىردە ئەبۇ نەسىر فارابى (870 – 950) مۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا ئالاھىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ئىدى. ئۇ ئوبراز چۈشەنچىسىنى 3 كە بۆلۈپ ئىزاھلىغان. «پەلسەپىلىك سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋاپلىرى» (ئەل ماسائىلۇل پەلسەپە ۋە لاجەۋابەئەنھا) ناملىق ئەسىردە ئوبرازلارنىڭ ئوبيېكتتىن پەيدا بولۇش يوللىرى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ: «ئوبيېكتتىن ئوبرازلارنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى 3 خىل. بىرسى ئوبرازنىڭ سەزگۈ ئىدرەكتە پەيدا بولۇشى، ئىككىنچىسى تەپەككۇردا پەيدا بولۇشى، ئۈچىنچىسى ئوبيېكتتە پەيدا بولۇشى»④ دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇ، بۇيەردە كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن تاشقى نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى تۈپەيلى ئوبيېكت ئوبرازلىرىنىڭ سەزگۈ ئىدرەكتە پەيدا بولغان ئوبراز ئىزنىلىرىنى نەزەردە تۇتقان.

فارابى ئوبرازلىق تەپەككۇرغا ياندىشىپ كېيىندىغان «ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر» ئىبارىسىنى قوللانغاندىن تاشقىرى «شېئىرى مۇھاكىمە»، «پىكىر قىلغۇچى شائىر» ھەتتا «تەپەككۇر ئوبرازى» (مەۋقۇلات) قاتارلىق ئىبارىلارنى قوللانغان. فارابى يەنە «ئىنسان ئەقىل ۋە سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن بىلىم ھاسىل قىلىدۇ، سەزگۈلەر ۋاستىسى بىلەن ھېسسىي ئوبرازلار بىلىۋېلىنىدۇ. ھېسسىي ئوبرازلار ياردىمى

①«ۋېنشىن دياۋلۇڭ»، «ئوي ـ پىكىر»گە قاراڭ. (ئەدەبىيات ـ نەزەرىيە ئاساسلىرىدىن ئېلىندى)
② «ۋېنشىن دياۋلۇڭ. ئوخشىتىش ۋە تەمسىل قىلىش»دىن
③«ۋېنشىن دياۋلۇڭ. ھېس تۇس«دىن.
④خەيرۇللايوف: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى« 1975 ـ يىل روسچە نەشرى 251 ـ بەت ئا. مەقتىمىننىڭ «ئومۇمى ئىستېتىكا»دىن ئېلىندى)

بىلەن تەپەككۇر ئوبرازلىرى (مەۋقۇلاتلار) ھاسىل بولىدۇ»① دېگەن.

16 - ئەسىردىكى ئىتالىيە پەيلاسوپى مازۇن (1448 — 1538) شېئرىيەت تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا يۆلىنىدۇ، دېسە، نېمىس ئالىمى لېيبنىتس (1646 — 1716) تەپەككۇرنى ئوبرازدىن خالىي ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بولگەن. ئۇ ئالدىنقىسىنى «كوز كورمەس ياكى بەلگە تەپەككۇرى» كېيىنكىسىنى «ئوبرازلىق بىلىش» دەپ ئاتىغان. باۋمگارتېن ئېستېتىكا ئىلمىنى «گۈزەللىك شەكلىدە تەپەككۇر قىلغۇچى سەنئەت» دېسە، گېگېل سەنئەتنى «ئىدىيە بىلەن ئوبرازنىڭ ھەمجەھەتلىكى ۋە بىرلىكى» دەپ ئىزاھلىغان.

يۇقۇرقى پاكىتلاردىن ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بۈگۈنكى بىلىش سەۋىيىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگەن ئاتالغۇنى 19 - ئەسىر رۇس ئىنقىلاۋىي دېموكراتلىرىدىن بېلىنىسكىي (1811 — 1848) 1841 - يىلى يازغان «سەنئەت ئۇقۇمى» دېگەن ماقالىسىدا رەسمىي ئېستېتىك ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ۋە قوللاندى. بېلىنىسكىدىن كېيىن جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ نۇرغۇن يازغۇچى - سەنئەتكارلىرى، پەيلاسوپلىرى ۋە ئوبزورچىلىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى ئېستېتىكىلىق بىلىش نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 - ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى ھامان باشتىن - ئاخىر ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. يازغۇچى - سەنئەتكارلار رېئال تۇرمۇشنى بىۋاسىتە كۆزىتىشنى ۋە تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى، ھېسسىياتىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق تىپىكلىك ۋاستىلارنى قوللىنىپ، يارقىن ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. مۇشۇنداق ئوبرازغا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشقا نىسبەتەن چۈشەنچىسىنى ۋە باھاسىنى سىڭدۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، مانا بۇ — مۇرەككەپ بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا يازغۇچى - سەنئەتكارلار شەيئىلەرنىڭ شەكلەن قىياپىتىنى چىقىرىپ تاشلىماستىن، بەلكى بۇ مۇرەككەپ ۋە ئايرىم شەكلەن قىياپەتلەرنى پىششىقلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق

① فارابى «لوگىكىلىق رىسالىلار» 1975 - يىل، رۇسچە 531 - 538 - بەتلەر (ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن ئېلىندى).

ئىچكى باغلىنىشقا يەنى ماھىيەتكە ئىگە بولغان يېڭى قىياپەتكە ئايلاندۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، شەكلەن قىياپەت (خاسلىق) بىلەن ئىچكى ماھىيەت (ئورتاقلىق) بىرلىككە كەلگەن ھەمدە خاسلىق ئارقىلىق ئورتاقلىقنى ئىپادە قىلىدىغان جانلىق بەدىئى ئوبرازلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەلۇمكى، شەكلەن قىياپەت ئوبيېكتىپنىڭ تاشقى ئوبرازىنى كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتىپنىڭ تاشقى ئوبرازى خاسلىقتا (ئىندىۋىدۇئاللىقتا) مەنسۇپ بولغان كونكرېت نەرسىدۇر؛ ئۇنىڭ مەزمۇنى بولسا ئوبيېكتىپنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، ماھىيەت — ئورتاقلىققا مەنسۇپ بولغان ئابستراكت نەرسىدۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى بەدىئى ئوبرازنىڭ ئايرىملىق (خاسلىق) ئارقىلىق ئومۇملىقنى (ئورتاقلىقنى) ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيەت جەريانى باشتىن - ئاخىر ئوبراز بىلەن بىرگە بولىدۇ - دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇردا ئابستراكتلاشتۇرۇش بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ھەقتە ماكسىم گوركى: «ئوبرازلىق تەپەككۇردا ئوبراز ئارقىلىق پىكىر قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ يەنە بۇ خىل پىكىر قىلىش «مۆلچەر»، ياكى «قىياس» قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سېلىشتۇرۇش» ۋە «تەتقىق قىلىش» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇ «ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ»، «نۇرغۇنلىغان قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئىگە تۆھپىلىرى ئابستراكتلاشتۇرۇلىدۇ، ئايرىپ چىقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئالاھىدىلىكلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ، - مەلۇم بىر قەھرىمان شەخسىگە مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ ،...... شۇنداق قىلىپ بەدىئى تىپ شەكىللىنىدۇ»①، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. گوركىنىڭ يۇقۇرقى سۆزىدە، ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەپەككۇر جەريانلىرى ھامان كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتۈش جەريانى ئىكەنلىكى، ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ يەنە شۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئا. ئا. فادېيېۋ «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن قوراللانغان سەنئەتكارلاردىن بولۇشقا تىرىشايلى» دېگەن ماقالىسىدا، ئوبرازلىق تەپەككۇردا «ئوبراز ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ». شۇنداقلا بۇ خىل پىكىر يۈرگۈزۈشتە «شەيئىلەر بىلەن ماھىيەتنىڭ جېنى، ئەھمىيىتى، خاراكتېر - قىياپىتى چىڭ تۇتۇلىدۇ»، «ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق قانۇنىيەت ئېچىپ بېرىلىدۇ، ئايرىملىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئومۇملۇق ئېچىپ بېرىلىدۇ، قىسمەنلىكنى كۆرسىتىش ئارقىلىق پۈتۈنلۈك ئېچىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ بىۋاستە رېئاللىقىدىن گويا تۇرمۇشنىڭ خىيالى مەنزىرىسى يارىتىلغاندەك بولىدۇ»②، دەپ كۆرسىتىپ،

① م. گوركى «يېزىقچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىم توغرىسىدا»، («ئەدەبىيات توغرىسىدا») خەنزۇچە نەشرى، 162 - بەت.

② «ئەدەبىيات نەزەرىيە ئاساسلىرى» 2 - قىسىم، ئۇيغۇرچە 33 - بەت.

بەزىلەرنىڭ «سەنئەت بىۋاستە سېزىم» دەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلىرىغا رەددىيە بەردى.

دىمەك، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئوبراز كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدرەك ئىزنالىرىنىڭ (表象) ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىشىدىن يارالغان يېڭى بەدىي مەھسۇلات بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

2 ـ ئوبرازلىق تەپەككۇر تەسىرات ۋە ھىسسىيات تەرەپتىن قوزغىتىلغان ھەم كۈچەيتىلگەن بىر خىل بىلىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ يەنە ھىسسىياتنى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادە قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر. شۇڭا ئۇ باشتىن-ئاخىر ھىسسىيات جەھەتتىكى ھاياجان بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سەنئەتكارلارنىڭ رىياللىقنى بىۋاستە كۆزىتىشى، تەسىرلىنىشى ۋە ھىسسىياتتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەلۇم ۋەقەياكى ئادەملەر يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ھەۋىسىنى قوزغايدۇ، تۇرمۇشنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشكە ھەيدەكچى بولىدۇ. بۇ جەرياندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، پائالىيەتلىرىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەتتا ئىچكى دۇنياسىنى تەدرىجى چۈشىنىدۇ، ئۇلار ياشىغان تەبىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن تونۇشىدۇ، شۇنداق قىلىپ دەسلەپكى ماتېرىياللارغا ئىگە بولىدۇ. يۇقۇرقىدەك تەسىراتقا ۋە ھىسسىياتقا ئىگە بولۇش — جانلىق ھەم يارقىن بەدىي ئوبراز يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

مەلۇمكى ھەقىقىي ھىسسىيات ئەقىل - پاراسەتنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەقىل - پاراسەتنى كۈچەيتىدۇ. ھىسسىيات بىلەن ئەقىل - پاراسەت، ھەر ئىككىلىسى بىلىش جەريانىغا مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇلارنى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ لىرىكىلىق ئەسەرلەردە ئاساسەن ھىسسىيات ۋە خاراكتېر ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن رىياللىقنىڭ ئىنكاسى، يەنە بىر تەرەپتىن رىياللىققا بېرىلگەن باھا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇردا ھىسسىيات كۈچلۈك ۋە مول بولمىسا يارىتىلغان ئەسەر جانسىز بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالمايدۇ. پروزا ۋە دراما ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئاساس قىلىنغاچقا ئاپتورنىڭ ھىسسىياتى تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر داۋامىدا يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىرادىسى، ھىسسىياتى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىدۇ، ئوبرازلارنىڭ پائالىيىتىگە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى سىڭىپ بارىدۇ. تەبىي پەنلەر ئۈستىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە گەرچە ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئىستتىك ھىسسىيات پەيدا بولمىسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈستىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈز-

گەندە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانىدا پەيدا بولغان بۇخىل ھېسسىيات مۇھاكىمە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدا پەيدا بولغان ھېسسىيات بولسا ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ روشەن ھالدا پەرقلىق ئىكەنلىگىنى كورسىتىدۇ.

يازغۇچى – سەنئەتكارلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدىكى ھېسسىياتىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېنىق سېزىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى(1770 – 1840)نىڭ «رابىيە – سەئىدىن» داستانىدىكى مۇنۇ پارچىدا:

نىدىن لالە باغرى ئىرور بۇنچە خۇن،
ئانى غەمكىن ئەتتى پەلەك ۋاژگۇن...
...كورۇك كىم بىھىنىڭ يۈزى بولدى زەرد،
پەلەك گەردىشىن يۈزى بولدى گەرد...
...چىكەر چوغىز ۋەيرانىلەردە سادا،
كى غەم نەيلىدىن ئول ئەمەستۇر جۇدا...
...نىدىن ئەرسلاننىڭ ئىرور جىسمى داغ،
ستەمگەر زامانىدىن ئەمەس كوڭلى ساغ.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى لالە، بېھى، چوغىز (ھوقۇش)، ئارسلان قاتارلىقلارنى ئادەملەشتۇرۇش ئارقىلىق يارىتىلغان بۇ كورۇنۇشتىن ئاپتورنىڭ ئازاپ – ئوقۇبەت ۋە قايغۇ – ھەسرەتلىك ھېسسىياتىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كوكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بولبۇل سايرىدى.

(ئىمىن تۇرسۇن)

مانا بۇ مىسرالاردىن ئاپتورنىڭ شات – خوراملىق ۋە ئارامبەخشلىك ھېسسىياتىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس.

دېمەك، ھېسسىيات پەقەت بەدىئى ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەنسە، بەدىئى ئوبراز بولسا ئوبيېكتىپ رېياللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى ھېسسىياتتىن ھاسىل بولىدۇ، ئەمەلىي تەجرىبىدىن قارىغاندا، يازغۇچى–سەنئەتكارلارنىڭ ھېسسىياتى كونكرېت شەيئىدىن كېلىدۇ، ھېسسىيات قوزغالغاندىن كېيىن يەنە كونكرېت شەيئىگە سىڭدۇرۇلىدۇ. مانا بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئىدىيە ئومۇمىيلىقتا، ئابستراكتلىقتا ئىگە

بولسا، ھىسسىيات، كۆپىنچە ئايرىمىلىقتا ۋە كونكرېتلىقتا ئىگە بولىدۇ.

3 ـ ئوبرازلىق تەپەككۇر چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ماس ھالدىكى بىرلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى بەدىئى ئوبرازلار ئىچىپ بەرگەن چىنلىق ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ مېخانىك ھالدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئىستېتىك غايىنىڭ ئاكتىپ تۈردىكى قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا ئۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كەلسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى بەدىئى گۈزەللىك تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. يۈكسەك بەدىئى گۈزەللىكنى ئۆزىدە كونكرېت ئىپادىلىگۈچى بەدىئى ئوبراز — ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىستېتىك مەنىگە ئىگە بىر خىل تەپەككۇر شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھەقىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇشى كېرەك. چىنلىق تۈپ ئاساس. پەقەت چىن نەرسىلەرلا ياخشى نەرسە بولىدۇ پەقەت چىن ۋە ياخشى نەرسىلەرلا گۈزەل نەرسە بولىدۇ. پەقەت چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنىڭ ماس ھالدىكى بىرلىكىلا ئاندىن ھەقىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھېساپلىنىدۇ. فىرانسىيىنىڭ مەشھۇر سەنئەت نەزىرىيىچىسى ۋە دىراماتورگى دېنى دىدرو (1713 — 1784)نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «چىنلىق، ياخشىلىق (ئېزگۈلۈك) ۋە گۈزەللىك ئۆز ئارا چىڭ بىرلەشكەندۇر. چىنلىق بىلەن ياخشىلىققا يەنە بىر خىل كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان پارلاق ـ نۇرلۇق كۆرۈنۈش قوشۇلسا، چىنلىق بىلەن ياخشىلىق گۈزەللىككە ئايلىنىدۇ»①. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان پارلاق ـ نۇرلۇق كۆرۈنۈش» چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ ھېسسى گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ئۇ بەدىئى ئوبراز يەنى تۇرمۇش كارتىنىسىدىن ئىبارەت.

يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئىستېتىك پائالىيىتى يالغۇز ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئى ئوبرازغا باھا بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ، پۈتكۈل ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدىكى بارلىق پائالىيەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىدە ئابستراكتلاشتۇرۇش ئىقتىدارىمۇ، كونكرېتلاشتۇرۇش ئىقتىدارىمۇ بولىدۇ. يەنى ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈشمۇ، ماھىيەتنى ھادىسە ھالىتى بويىچە ئىجادىي رەۋىشتە قايتا گەۋدىلەندۈرۈشمۇ بولىدۇ. دېمەك، تەپەككۇر پائالى-

① «رەسسامچىلىق توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزىرىيىسىگە تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» خەنزۇچە نەشرى، 1958 ـ يىل، 4 ـ سان 212 ـ بەت.

يىتىشنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇش ئىقتىداردىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر — قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى كېلىپ چىققان. مۇبادا تەپەككۇرنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇش ئىقتىدارى تەپەككۇر پائالىيىتىدە يېتەكچى رول ئوينىسا، ئۇچاغدا لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر تەپەككۇرنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇش ئىقتىدارى تەپەككۇر پائالىيىتىدە يېتەكچى رول ئوينىسا، ئۇ ھالدا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى كېلىپ چىقىدۇ. كىشىلەرنىڭ قايسى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىشى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش مەقسىدى، ھاسىل قىلماقچى بولغان نەتىجىسى، دۇنيانى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئېھتىياجى ۋە باشقا بىر قاتار مەسىلىلەرگە باغلىق بولىدۇ.

مەيلى لوگىكىلىق تەپەككۇر بولسۇن ياكى ئوبرازلىق تەپەككۇر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەقلىي بىلىش پائالىيىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مانا بۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنى ئېتىراپ قىلغانلىق ھەرگىزمۇ يازغۇچى-سەنئەتكارلارغا لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس. شۇنداقلا يەنە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويغانلىق ھەرگىزمۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. بۇنىڭدىكى مەقسەت — ئىنسان تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى پەلسەپە كونسېپىگى قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا مەسلىھەت بېرىشتىن ئىبارەت.

يەر ئاستىدىن چىققان نۇر گەرچە ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنبەئى ھەر ھالدا پۈتمەس-تۈگىمەستۇر؛ ئۇ كەلگۈسىگىچە يەر يۈزىنىڭ مەنزىرىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ نۇر بىلەن يالقۇن يەرنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن ئۇرغۇپ چىققىچە قانچىلىغان توسالغۇلاردىن ئۆتىدۇ، ئۆز يولىنى ئىزلەيدۇ، ئۆز كۈچىنى تاۋلايدۇ.

— چۇي چيۇبەي

# بالىلار تەربىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى

تۇرسۇن قۇربان

## 1

بالىلار ئەدەبىياتى بالىلار تۇرمۇشىنى ئاساسىي مەنبە قىلىپ يارىتىلىدىغان، مەخسۇس ھەر خىل ياشتىكى بالىلارغا بېغىشلانغان ئەدەبىيات بولۇپ، بالىلار تەربىيە ۋاستىلىرى ئىچىدە ئوبېكتى ئەڭ كەڭ، تارقىلىشى تېز، ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ، زوقلانغۇچىلىرى ئىنتايىن كوپ، ئۈنۈمى زور بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىي تەركىپ.

بالىلار ئەدەبىياتى ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك رولى ۋە ئەھمىيىتى چوڭ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رولىنى باشقا تەربىيە ۋاستىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالاھىدە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بىر مىللەتتە بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ روناق تېپىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

ئېلىمىزنىڭ كوپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك بالىلار ئەدەبىياتى — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم ماتېرىيالى. ئۇ ھەر مىللەت بالىلىرىنى ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى قىلىپ تەربىيىلەشتە بىر ئۈنۈملۈك ۋاستە. شۇڭا ئۇنىڭغا پۈتكۈل جەمئىيەت بىردەك كوڭۈل بولۇشكە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، كىشىلەرنىڭ بۇنداق بىر مۇھىم ئىشقا نىسبەتەن تونۇشى يېتەرسىز. شۇڭا، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئومۇمى تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە يېتىشەلمەي كەلمەكتە. بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر جىددى مەسىلە، ئەلۋەتتە.

## 2

ماركسىزم- لېنىنىزىم شۇنداق قارايدۇكى، ھەممە ئائىلە، پۈتكۈل جەمئىيەت، ھەممە مەكتەپ دىگۈدەك بالىلار تەربىيىسىگە كوڭۈل بولۇشى، ئۇنى بىر ئىستىرا-

تېگىشلىك مۇھىم خىزمەت دەپ تونۇپ ئىشلىشى كېرەك. چۈنكى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئەقـ
لىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي تەرەپلەردىن تەڭ يېتىلگەن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىر
ئۇلۇغ ئىش. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىش ئۇ ئائىلىنىڭ تەقدىرىگە
مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ئەگەر بىر ئائىلە ھەممە ئىشتا ئۆز بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىنى
كۆزدە تۇتسا، بالىلىرىغا توغرا تەربىيە بەرسە، مۇقەررەركى، ئۇنداق ئائىلە گۈلـ
لەپ ـ ياشنايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئائىلىدە بالىلار تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆـ
لۈنمىسە، ئۇنداق ئائىلە ھەرخىل ئېچىنىشلىق ھادىسىلەردىن خالىي بولالمايدۇ.
سوۋېت ئىنتېپاقىنىڭ مائارىپچىسى ۋ. يوسچىسكىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئېيتـ
قاندا، ئەگەر بىر ئائىلىدە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە ئىشەنمەسلىك، كۆز ئالدىـ
دىكى خۇشاللىقىنىلا ئويلاش، شەخسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قارامىلىق قىلىش،
تۇرمۇشتا تامامەن زورلۇق ـ زومبۇلۇققا تايىنىشتىن ئىبارەت 4 ئىللەت① بولسا،
ئۇ ئائىلە پەرزەنتلىرى ئىچىدە جىنايەت يولىغا ماڭىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى،
بۇ خىل ئىللەتتىكى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆزىدە يۇقۇرقى 4 مەرەز بولغىنى ئۈـ
چۈن، ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى شۇ بويىچە تەربىيىلەيدۇ. نەتىجىدە، بۇ خىل ئائىـ
لىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ، ئاقىۋەت پۈتكۈل ئائىلىمۇ بەربات بولىدۇ.

بالىلار تەربىيىسى يالغۇز ھەربىر ئائىلىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور
ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن دۆلەتنىڭ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، پۈـ
تۈن مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى چوڭ ئىش. بولۇپمۇ، بىر مىلـ
لەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نامىنىڭ مەڭگۈ پارلاپ تۇرۇشى ياكى ئۆچۈپ قېلىـ
شى، ئۇنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىشىپ گۈللىنىشى ياكى باشقىلار تەرىپىـ
دىن ئاياق ـ ئاستى قىلىنىپ ۋەيران بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تىل، زىمىن، ئىقـ
تىسات، ئۆرپ ـ ئادەت، پىسخىك تۈزۈلۈش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكـ
لىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى يوقىلىپ كېتىشى، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ
كەلگۈسى ۋارىسچىلىرىنى قانداق تەربىيىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
ئەگەر بىر مىللەت ئۆز ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، بۇ ئىشنى
جىددىي تونۇمايدىكەن، ئۇ ئاقىۋەت ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ مەدەنىـ
يىتى ئىگىسىز قېلىپ، تالان ـ تاراجغا ئۇچرايدۇ. گەرچە بىر مىللەت يۈكسەك
ماددىي مەدەنىيەت ۋە يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر
ئۇ مىراسخورلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئۇنىڭ بارلىق مەدەنىيىتى
ئاخىرى پاجىئەلىك ھالدا يىمىرىلىپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى
ماكسىم گوركى بالىلار تەربىيىسىگە، بالىلار ئوقۇش قۇراللىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىـ
غان كىشىلەرنى «مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر» دەپ قاتتىق تەنقىدلىگەن ئىدى②. گورـ
كىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق تەنقىدى ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى

يوق. چۈنكى، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىمۇ بىر مۇنچە كىشىلەر كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ جىددى مەسىلىگە بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خىل مەسئۇلىيەتسىزلىك ــ ئاھالىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. بۇ خىل مەسئۇلىيەتسىزلىك ئادەتتىكىچە بىر تونۇش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تارىخ ئالدىدىكى ئېغىر جاۋابكارلىقتۇر. دەرۋەقە، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارغا ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىپ بېرىشتە ئالدى بىلەن ئۇلارغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەت، ئاندىن مول بىلىم (بۇ بالىلار تۇرمۇش بىلىمى ۋە كەسپىي بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككى سۈپەت ــ تەربىيىلىگۈچىلەر (بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ تەربىيىلىگۈچىلەر ھېسابلىنىدۇ) ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقەللىي سۈپەتلەردۇر. شۇنداقلا، بۇ ئىككى تەرەپ ئالدىنقى شەرتتۇر. بۇ خىل شەرتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەر بالىلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىدە يەپىرەتلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. «بالىلار، ــ دېگەن ئىدى ماكسىم گوركىي، ــ يېڭى دۇنياغا ئاساس سالغان ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىغاندا مەدەنىيەتلىكرەك ۋە ئاكتىپراق بولۇشى كېرەك»③. گوركىنىڭ مۇندىن 50 يىل مۇقەددەم ئېيتقان بۇ سۆزى ھېلىمۇ بىر پاكىت ۋە ھەقىقەت. ھەقىقەتەن بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىغاندا، كەلگۈسىدە مەدەنىيەتلىكرەك ياشاشنى خالايدۇ. ئۇلار ھازىردىن باشلاپ مەدەنىي ۋە ئاكتىپ بولۇپ ئۆسۈشى لازىم. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ھەر خىل ئەنئەنىۋى روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاش مەيلى ھازىرقى تەرەققىيات، مەيلى كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنى بىلىش ۋە ئەستە تۇتۇش كېرەككى: «... بىزنىڭ بالىلىرىمىز پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ يەنىمۇ ئاكتىپراق يولباشچىلىرى بولۇپ تەربىيىلىنىشلىرى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بالىلارنى كىچىك ياشتىن باشلاپ كونا ھايات كونسېرۋاتىزىمىغا قارشى، قېتىپ قالغان مىشچان مۇھىتى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم كۈچى بىلەن قوراللاندۇرۇشقا مەجبۇرمىز»④.

بىز م. گوركىنىڭ «ئەدەبىيات ــ بالىلارغا» دېگەن ئۆلمەس ئەسىرىنى ئوقۇساق، بالىلىرىمىز ئالدىدا يۇقۇرى مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئالغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. گوركىنىڭ يۇقۇرقى بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزىدىن شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى، بالىلارنى مول بىلىم كۈچى بىلەن قوراللاندۇرۇش ــ چوڭلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بىلىم ــ يېڭىلمەس كۈچتۇر. بىلىم ــ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ روھىي ئاساسى. ئۇ ئادەم تەرىپىدىن ئىگەللەنگەندىن كېيىن قۇدرەتلىك

ماددى ۋە مەنىۋى كۆچكە ئايلىنىدۇ. ئۇ ماددى ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۆچىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا غايەت زور رول ئوينايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتە بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي كۆچكە تايانسا، ئىككىنچىدىن، بىلىمگە تايىنىدۇ. بۇندىن 900 يىل بۇرۇنلا، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ دۆلەت، خەلق، ئائىلە ھاياتىدىكى رولىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىملىك بولۇش — دۆلەت ۋە خەلقنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ تەييارلىنىشىغا تېگىشلىك ئەڭ ئالدىنقى شەرتتۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، كىشىنىڭ بىلىملىك بولۇشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. ھەقىقەتەن ئىجتىمائىي ئىنقىلاپتىن باشقا، بىلىممۇ بەخت كەلتۈرگۈچى مەنبە ھىسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئىگەللەشكە دەۋەت قىلغان ئىدى. مېنىڭچە: بىر كىشىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ياخشى خۇلۇقلۇق، ئابرويلۇق بولۇشىدا، ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ مول ۋە چوڭقۇر بولۇشى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىلىملىك كىشىلەر ئەخلاقلىق، كەم سۆز، مېھرىۋان كېلىدۇ.

بالىلارنى بىلىم كۆچى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە مائارىپنىڭ رولى چوڭ ۋە ئۇ ئاساس. لېكىن، بۇ مەقسەتكە يېتىشتە يالغۇز مائارىپقىلا تايىنىش بىلەن كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ رولىنى ئاددى ۋە كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى، بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرى غايەت چوڭ «تولۇقلاش» رولىنى ئويناپ، بالىلارنىڭ ئىلىم - پەننىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ياخشى تۈزۈلگەن بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى، بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرى بالىلارنىڭ تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى، تارىخ بىلىمىنى، تىل بىلىمىنى، ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئىگەللىشىدە، ئۇلاردا ساغلام، يېقىملىق، گۈزەل خاراكتېر تۇرغۇزۇشتا، ئىستېتىك غايە تىكلەشتە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەتنى، تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئۇ خىل كىتابلار ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەبەدىي ياخشى دوستى بولۇپ قالىدۇ. ئاندېرسوننىڭ بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ ھەر قايسى ئەللەر بالىلىرى ئىچىدە ئۆچمەس تەسىر قوزغاپ، بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك دوستىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ دەل بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئاكتىپ رولىدىن بولغان.

مەلۇمكى، بالىلار ئەدەبىياتى، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا مائارىپتىن ۋە چوڭلار ئەدەبىياتىدىن كېيىن پەيدا بولغان (بۇ يەردە سۆز يېزىق ھالىتىدىكى بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە كېتىپ بارىدۇ). بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى مائارىپ تەرەققىيا-

تىنىڭ جىددى تەقەززاسىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇڭا، مۇ-
نەۋۋەر باللار ئەدەبىياتى روشەن ئىلمىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە
روشەن پېداگوگىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، باللار روھى-
نىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان باللار يازغۇچى - سەنئەتكارلىرىنى بىر ياخشى پېدا-
گوك دەپ ئېيتالايمىز. بىز «پېداگوگىكىلىق پوئېما» دېگەن كىتاپنى ئوقۇغىنىمىز-
دا، ئۇنىڭ يازغۇچىسى ماكارېنكونىڭ يۇقۇرى بەدىي تالانتىغا قايىل بولىمىز، شۇن-
داقلا، ئۇنىڭ يۇقۇرى پېداگوگىكىلىق تالانتىغىمۇ قايىل بولىمىز.

ئومۇمەن، ياخشى يېزىلغان باللار ئەدەبى كىتاپلىرى باللارنى مول بول-
غان تەبىي ۋە ئىجتىمائى پەن بىلىملىرى، تۇرمۇش بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەپ،
ئۇلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم
كورسىتىدۇ. شۇڭا، باللار ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل باللار تەربىيىسى ۋاستىلىرى
ئىچىدە تۇتقان ئورنى چوڭ ۋە مۇھىم. خۇددى ئا. م. گوركىي ئېيتقاندەك: «باللار
ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە زورۇرىيەتلىرىنى سانап تۈگىتىپ بولمايدۇ»[5]. ئۇلۇغ ئەج-
داتلار باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى چوڭ ئىش دەپ قاراپ، ئۇنى بىر جىددى
ئىش قاتارىدا تۇتقان ئىدى. رۇسىيىنىڭ ئۇلۇغ ئەدەبى تەنقىتشۇناسى بېلىنىسكى
(1848 — 1811) مانا شۇنداق قارىغان ئىدى. ئۇ 1830 - يىللاردا يازغان بىر ماقا-
لىسىدا باللار ئوقۇشلۇقلىرى ۋە باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يېزىش، تۈزۈش،
نەشر قىلىش خىزمىتىنى «كىچىك ئىش» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدى-
غان يازغۇچىلارنى قاتتىق تەنقىتلىگەن ئىدى. ئۇ بۇنداق كارى بولماسلىقنى رۇس-
يىنىڭ كەلگۈسى ئالدىدا، رۇسىيە باللىرى ئالدىدا ئوتكۈزگەن زور جىنايى
قىلمىش دەپ قارىدى. شۇڭا، بېلىنىسكىي بۇ خىل يامان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، با-
للار ئەدەبىياتىنى چوڭ ئىش دەپ تونۇشنى ۋە ئۇنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا
ئىشلەشنى، يەنى بىرىنچىدىن، رۇس يازغۇچىلىرىدىن باللار ئۈچۈن كىتاپلار يېزىپ
بېرىشنى، ئىككىنچىدىن، رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى باللار ئەدەبىياتى يا-
دىكارلىقلىرىنى قېزىپ، رەتلەپ، نەشر قىلىپ باللارغا تونۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى،
ئۈچىنچى تەرەپتىن، چەتئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ، ياۋروپانىڭ باللار ئەدەبىياتى ئە-
سەرلىرىنى تەرجىمە - نەشر قىلىپ باللارغا تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.
بېلىنىسكى باللار ئۈچۈن يېزىلغان كىتاپلارنىڭ چوقۇم مائارىپ تەربىيىسى ماتې-
رىياللىرى تىزىملىكىگە ئېلىنىشىنىڭ، باللارغا ئائىت كىتاپلارنىڭ پۈتكۈل كىتاپلار
ئىچىدە مۇھىم ئورۇنىنى ئىگەللىشىنىڭ زورۇرلىكىنى كوپ قېتىم تەكىتلىگەن ئىدى.
چۈنكى، بېلىنىسكىنىڭ قارىشىچە، «كىتاپ دەۋرنىڭ جېنى ۋە روھى. بارلىق ئادەم،
مەيلى ئۇ قېرى بولسۇن، ياش بولسۇن، مەيلى بالا بولسۇن، مەيلى شوھرەتلىك بولسۇن
ياكى ئاددى بولسۇن، كىتاپتىن ئايرىلالمايدۇ. باللار تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە»[6].

چۈنكى، ئىنساننىڭ بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرى ئىچىدە، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرى كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن ئاساس قۇرۇلىدىغان ھالقىلىق دەۋر ھېساپلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنى توختىتىپ، قابىلىيەت، ئىستىداتىنى جارى قىلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشى، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ياخشى تەربىيىلىنىپ، ياخشى ئادەتلەرگە كونۇشىگە، ياشلىق دەۋرىدە ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزىنى چىنىقتۇرۇپ مەلۇم كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىنىشىغا باغلىق. بولۇپمۇ، بالىلىق دەۋرىدە بالىلارنى بېرىلىپ كىتاپ ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، بالىلار ئۈچۈن كېرەكلىك ئوقۇشلۇقلارنى تۈزۈش، ئۇلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە لايىقلاشقان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىش، نەشر قىلىش، تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت.

ۋاھالەنكى، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش، بالىلار ئەدەبىي كىتاپلىرىنى ئىجات قىلىش، تەرجىمە قىلىش تېخىچە بىرىنچى قول پىلاندىن سىرت تۇرماقتا. شۇڭا، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى، بالىلار ئەدەبىياتى پۈتكۈل تەربىيە ۋاستىلىرى ئىچىدە ئىنتايىن «كەمبەغەل تەركىپ». بولۇپمۇ، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بالىلار ئەدەبىياتى تېخىمۇ بىر «كەمبەغەل تەركىپ». مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى خېلى كۆپ ژانىر، تۈرلەر بويىچە كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. بۇ «كەمبەغەل تەركىپ» مەزمۇنىنىڭ نامرات ئىكەنلىكى، تېما ـ شەكىللىرىنىڭ رەڭدار ئەمەسلىكى، ژانىر ـ تۈرلىرىنىڭ تار دائىرىدە ئىكەنلىكى، بەدىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، ئۆزىدە بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە ياش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، مائارىپ ۋە ئىلمىي قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، ھېكايە قۇرۇلۇشىنىڭ قىزىقارلىق ئەمەسلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا بالىلار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تەركىپنىڭ ئاجىز، كەمبەغەل ھالەتتە تۇرغىنى، پۈتكۈل جەمىيەتنى، پۈتكۈل مىللەتنى، ھەممە ئائىلىلەرنى جىددى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. تارىختىن بۇيان ئۇلۇغ ئەدىپلەر، ۋىجدانلىق ئەرباپلار ئۆز مىللىتىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە جىددى ئويلانغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي دېموكرات — تەنقىتشۇناس بېلىنىسكىي روسىيە بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا: «بۇ، ئەدەبىيات ئىچىدىكى ئەڭ كەمبەغەل تەركىپ» ⑦ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ رۇس يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرىنى، پېداگوگلىرىنى بۇ «كەمبەغەل تەركىپ»نى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، ئۇنى پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ باي تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلغان ئىدى. بېلىنىسكىينىڭ بۇ ئۇلۇغ چاقىرىقى ئەينى ۋاقىتتا رۇس يازغۇچىلىرىنى كۈچلۈك ئىلھاملاندۇردى. پۇشكىن، نېكراسوپ، تورگېنىۋ، كىرىلوپ قاتارلىق يازغۇچى ـ شائىرلار بېلىنىسكىينىڭ بۇ چاقىرىقىدىن زور ئىلھام

ئېلىپ، باللار ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان ئىدى. كېيىن رۇسىيە ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ پېشقەدەملىرى ل. ۋ. تولستوي، ئا. پ. چېخوپ، ئا. م. گوركىي، ۋ. ۋ. ماياكوۋسكىي، ئاركادىي گايدار، ئىلىئىن، مارشاك، ئا. تولستوي، فادىيېۋ، ئېۋستىروۋسكىي، ئايدىن، ئو. مۇھەممەدى قاتارلىقلار رۇسىيە ۋە سوۋېت باللار ئەدەبىياتىنى بېيىتىش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار باللارنى قىزغىن سۆيىدۇ. باللار تۇرمۇشىنى پىششىق بىلىدۇ. باللار ئەدەبىياتى خىزمىتىنى بىرىنچى قول پىلاندىكى مۇھىم ئىش دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە مىللىي دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. دېمەك، ھەقىقىي باللار يازغۇچىسى بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي باللار ئەدەبىياتى بولىدۇ. چۈنكى، باللارغا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ياش ئالاھىدىلىكلىرىنى پىششىق بىلگەن، ئەدەبىي ساۋاتتا، بولۇپمۇ، باللار ئەدەبىياتى بىلىملىرىگە ئىگە يازغۇچىلار ھەقىقىي باللار ئەدەبىياتىنى يارىتالايدۇ.

## 3

سوتسىيالىستىك باللار ئەدەبىياتى باللارنى كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە ئېسىل ئەخلاقىي-پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەش، باللارنىڭ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئاشۇرۇپ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، باللارنىڭ تارىخ بىلىمىنى ئۇلغايتىپ، ئۇلاردا ساغلام بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش، تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تىل بىلىمىنى تەكامۇللاشتۇرۇش، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈش قارىشىنى تىكلەش، تۇرمۇش بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، گۈزەل ئادەتلەرنى تىكلەش جەھەتتە چوڭ رول ئوينايدۇ ھەم شۇنداق رول ئوينىشى كېرەك. باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئاشۇنداق رول ئوينىغاندىلا، ئاندىن ئۇ باللارنىڭ ھەقىقىي «دوستى» ۋە «ئۇستازى» بولالايدۇ. خۇلاسە شۇكى، باللار ئەدەبىياتى باللارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئىلىم - پەننى، ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلەتنى، ياخشى ئادەتنى ئۆگىنىدىغان «مەكتەپتىن سىرتقى مەكتەپ»دىن ئىبارەت.

بىزدە باللار ئەدەبىياتى ئانچە - مۇنچە يېزىلىۋاتىدۇ، لېكىن بىر مۇنچە ئەسەرلەردە باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىنمىغان، ئۇلاردا باللار ئەدەبىياتىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەت گەۋدىلەنمىگەن. شۇڭا، باللار ئۇلارنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئەڭ يامان يېرى شۇكى، بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىزدە ئابستراكت چۈشەنچىلەر خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ

بىلىم بېرىش كۈچى بەك ئاجىز.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

بىزدە بالىلار ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، ئوبيېكتى، ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تونۇش يېتەرسىز ۋەغۇۋا. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ياش ئالاھىدىلىكىنى، تىل ۋە تەپەككۇر خۇسۇسىيەتلىرىنى، شۇنداقلا، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىشى يۈزەكى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھەقىقىي بالىلار ئەدەبىياتى بولالماي قالىدۇ. بالىلار يازغۇچىلىرى ئالدى بىلەن شۇنى بىلىشى كېرەككى، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى — بالىلارنى سىياسىي-ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىلەش. بۇنىڭ تۈپكى نۇقتىسى — بالىلارغا ئەخلاق ۋە غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇخىل تەربىيە بالىلارنىڭ خىيالچان ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇشتەك خاراكتېرىگە ماسلاشقاندىلا، ئاندىن زور ئۈنۈمگە ئىگە بولىدۇ. مېنىڭچە، ھەقىقىي مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتىنى يارىتىش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى - ئۈچ ھالقىنى چىڭ تۇتماي بولمايدۇ.

بىرىنچى، بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇش. چۈنكى، ياش ئالاھىدىلىكگە ئىگە بولۇش — بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ چوڭلار ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تۈپ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى. بالىلار ئەدەبىياتى مەخسۇس بالىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئەسەردە ئالدى بىلەن شۇ ئەسەر تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە بالىلارنىڭ ياش ئاھىدىلىكگە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن يازغۇچى-سەنئەتكار ياش ئالاھىدىلىكىنى پەيدا قىلىدىغان ماددىي ئاساسنى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ ئاساس دەۋرچانلىق ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇش. چۈنكى، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى، بولۇپمۇ، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ چوڭلار ئەدەبىياتىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بالىلار ئەدەبىياتى تەلىم-تەربىيە تەلىۋى ۋە ئالاھىدىلىكگە ئىگە بولۇش، بالىلارنىڭ ئەمەلىي تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشىش، ئاممىباپ بولۇش، روشەن بىلىم بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش، بۇنىڭدا سىياسىي بىلەن بىلىم بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش، شۇنداقلا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بىلىم بېرىش بىلەن بەدىئىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش. بالىلار ئەدەبىياتى ژانىر جەھەتتىن ھەر خىل، تېما جەھەتتىن كەڭ بولۇش، قىزىقارلىق بولۇش، مەزمۇن جەھەتتىن مەكتەپ مائارىپىغا يېقىندىن ماسلىشىشى كېرەك. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلى-

گى مەسىلىسىدە توۋەندىكى بىرقانچە نۇقتا بار.

1) بالىلار ئەدەبىياتىدا «تەبىئىلىك» بىلەن «ئاجايىپلىق» چىڭ بىرىكىشى كېرەك. بۇ يەردىكى «تەبىئىلىك» — چىنلىق دېمەكتۇر. «ئاجايىپلىق» — رومانتىك خىيال دېمەكتۇر. يەنى، بۇ بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرى رېئالىزملىق ۋە رومانتىزملىق روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، بالىلار ئەدەبىي كىتابلىرىدا ۋەقەلىك، پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتى، ئومۇمىي ئىدىيىۋى كەيپىيات بالىلارنى ئىشەندۈرەرلىك ھالدىكى تەبىئىلىككە ئىگە بولغاندىلا، بالىلار ئۇلارنى ئوقۇغىنىدا بىر خىل تەبىئىلىك ھېس قىلىدۇ. لېكىن ۋەقەلەرنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئادەتتىكىچە بايان قىلىساق، بالىلارنى جەلپ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەردىكى پېرسوناژ، ۋەقە، شارائىت بىر خىل ئاجايىپلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، يەنى پۈتكۈل ئەسەرگە بالىلارنىڭ باي خىيالى، تەسەۋۋۇرى، فانتازىيىلىك ئويلىرى سىڭىپ كىرىشى كېرەك. بالىلار ئۆز كىتابلىرىنى ئوقۇغىنىدا تەبىئىلىك ھېس قىلىش بىلەن بىر خىل ئاجايىپلىقنى ھېس قىلالىسا، ئۇ چاغدا بۇنداق كىتاب بالىلارغا بەك قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ.

2) بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، باش تېما ناھايىتى ئېنىق بولغىنى ياخشى. چۈنكى، تېمىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشى، باش تېمىنىڭ يۈكسەك ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى — بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. خۇددى ئا. م. گوركىي كۆرسەتكەندەك: «بالىلار كىتابلىرىنىڭ تېمىلىرى توغرىسىدىكى مەسىلە — بالىلارنى ئىجتىمائىي روھتا تەربىيىلەشنىڭ يولى توغرىسىدىكى مەسىلە، ئەلۋەتتە». بىر مىللەت بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ باي، كەمبەغەل ھالەتتە بولۇشى تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. پەقەت تېما دائىرىسى كەڭ بولغاندا، ئاندىن بالىلارنىڭ باي، رەڭدار تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. تېما جەھەتتە، بالىلار ئەدەبىياتى بىرىنچىدىن، ئىنقىلابىي خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش، ئەمگەك پائالىيەتلىرىنى تېما قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مۇھىمى بالىلارنىڭ، ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساسىي تېما قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھايۋاناتلارنىڭ، تاغ - دەريالار، ئۇچار قاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر، بۇلۇتلار، يامغۇر - قارلارمۇ تېما قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدا چۆچەك، مەسەل، تەمسىللەرنى يازغاندا بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، قەدىمقى تارىخىي ۋەقەلەرنى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى تېما قىلىش كېرەك.

تېما مەسىلىسىدە، ھازىرقى زامان تېمىسىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە تارىخىي تېمىلارنىمۇ يازماي بولمايدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتىدا تېما، بولۇپمۇ، باش تېما ئېنىق بولمىسا

بولمايدۇ. ئا. م. گوركى سوزى بويىچە ئېيتقاندا، باش تېما غايىدۇر. باش تېمى-نىڭ تولۇق يورۇتۇلۇشى ماھىيەتتە غايىنىڭ يورۇتۇلۇشىدۇر. باللار سەبى، ئۇلارنىڭ مىڭىسى پاك. ئۇلارنىڭ مىڭىسىدە كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى بىخلىتىش ئۈچۈن، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە — باش تېما تولىمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەك. پەقەت باش تېما روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەندىلا، باللار ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايىنى قوبۇل قىلالايدۇ.

3) باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە بەدىئى ئوبرازلار جانلىق ۋە روشەن، گەۋدىلىك بولۇشى كېرەك. باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى بەدىئى ئوبراز، بەدىئى خاراكتېرلار ئومۇمى قانۇنىيەت جەھەتتىن چوڭلار ئەدەبىياتى بىلەن بىر-دەكلىككە ئىگە. لېكىن باللار ئەدەبىياتىدىكى بەدىئى ئوبرازنىڭ يادروسى — باللار-دىن ئىبارەت. شۇڭا، باللار پېرسوناژلىرى ئادەتتىكىچە بولماستىن، باتۇرلۇق روھىغا ئىگە، گۈزەل ئارزۇ-خىيالغا باي باللاردىن بولۇشى كېرەك. شۇڭا، باللار ئەدەبىياتىدا ئىجابى پېرسوناژنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەش كېرەك. يەنە كەمچىلىكى بار باللارنىمۇ يېزىشقا بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان-دا، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ ياخشى بالا بولۇش جەريانىنى قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشقا كۈچ سەرپ قىلماي بولمايدۇ.

(4) بەدىئى قۇرۇلما (كومپوزىتسىيە) پۇختا، مۇكەممەل، سيۇژېت لىنىيىسى ئوچۇق بولۇشى، ھېكايە قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئوبراز روشەنلىككە، خاراكتېر ئالاھىدىلىككە، ئەسەر قىزىقارلىققا ئىگە بولىدۇ.

باللار ئەدەبىياتىدا سيۇژېت (ۋەقە) تەسۋىرى، شارائىت تەسۋىرى، شۇنداقلا ئىچكى دۇنيا تەسۋىرى باللارغا خاس ھالدا، باللارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەرگە ماسلىشىشى كېرەك.

5) باللار ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر - تۈرى ھەر خىل، شەكلى كۆركەم ۋە راۋان بولۇشى، ئۇسلۇبى يارقىن، ئاممىۋىلاشقان ھەم مىللىيلاشقان بولۇشى كېرەك. ئومۇمەن، باللار ئەدەبىياتى ئاممىباپ، يېنىك بولۇشى كېرەك. باللار ئەدەبىيا-تىدا باللار شېئىر - قوشاقلىرى، باللار ھېكايە - رىۋايەتلىرى، باللار دراما ئەسەرلىرى، باللار كىنولىرى (ھېكايە فىلىم، قورچاق فىلىم، ھەركەتلىك سۈرەت فىلىم قاتارلىقلار)، باللار نەسرى ئەسەرلىرى (نەسىر، ئەدەبى ئوچېرىك، ئەدەبى ئاخبارات، ئەسلىمىلەر، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باللار چۆ-چەكلىرى، فانتازىيە ھېكايىلىرى، مەسەللەر، تېپىشماقلار، باللار ئويۇنلىرى، پەننى ئەدەبىيات قاتارلىق ژانىرلار بىردەك گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ بال-لار ئەدەبىياتى روشەن مىللى خاراكتېرلارنى مىللى تېمىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ

بىردىشى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىدا مىللى ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

6) باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى راۋان، گۈزەل، جانلىق بولۇشى كېرەك. باللار ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ـ باللارنىڭ تىل بىلىمىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ۋاستە. شۇڭا، ئۇ قېلىپلاشقان مىللى تىل بولۇشى لازىم. تىلىنىڭ گۈزەل بولۇشى ـ باللارنىڭ سوزىنى گۈزەل، ئەدەپلىك قىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىر كورسىتىدۇ. لېكىن تىل، بولۇپمۇ، پىرسوناژ تىلى ـ دىئالوگ، مونولوگلار، باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىگى بويىچە بېرىلىشى كېرەك. ئوقۇش يېشىغىچە بولغان باللارنىڭ تىلى بىلەن 11 ـ 12 ياشلىق باللارنىڭ تىلى روشەن پەرقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. تىل ـ باللارچە ھەرىكەت، باللارچە ئوي ـ خىيالغا ماس كېلىشى كېرەك.

7) باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەسەرنىڭ يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى ـ ئەسەرنىڭ قىزىقارلىقىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باللارنى كۈلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كوڭلىنى كوتىرىدۇ. شۇ ئارقىلىق باللار ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى خاھىشىنى ئۆزىگە تەبىي سىڭدۈرۈپ بارىدۇ.

يۇقۇرىدا باللار ئەدەبىياتىنىڭ ياش ئالاھىدىلىگى ۋە مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى، جۈملىدىن، مىللى ئالاھىدىلىگى ھەققىدە قىسقىچە توختالدۇق.

يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ئاساسىي نۇقتىسى ـ باللارغا ئەخلاق ۋە غايە تەربىيىسى بېرىشتىن ئىبارەت. باللار ئەدەبىياتىنىڭ بۇ مەقسىدى ۋە تەلىۋى ـ باللارغا كۈچلۈك ئىستېتىك زوق بېغىشلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى باللار، باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن مول ئىستېتىك زوق ئېلىش ئارقىلىق شۇ ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاساسىي ئىدىيىگە ـ ئەخلاق ۋە غايە تەربىيىسىگە ئىگە بولالايدۇ. كۈچلۈك ئىستېتىك زوقلىنىش ـ پەقەت بەدىئىلىك ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. شۇڭا، باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە بەدىي جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىش لازىم. لېكىن مۇنداق قىلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ يازغۇچى ماۋدۇن ئېيتقاندەك: «باللار ئەدەبىياتىنى يېزىش ئەڭ قىيىن»⑧. شۇڭا، ھەممە كىشىلەرلا باللار يازغۇچىسى بولالمايدۇ. پەقەت باللارنى قىزغىن سۆيگەن، پۈتۈن ئومرى ۋە كۈچىنى باللار تەربىيىسىگە بېغىشلىيالايدىغان، باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىگىنى چىڭ ئىگەللەپ، ئىجادىيەتتە باللار ئەدەبىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىش قىلغان كىشىلەرلا، ھەقىقى باللار يازغۇچىسى بولالايدۇ.

## 4

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا باللار ئەدەبىياتى تەر ـ

كىتابلىرى خېلى قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بالىلار قوشاقلىرى، بالىلار شېئىرلىرى، بالىلار
چۆچەكلىرى، تېپىشماقلار، مەسەللەر، بالىلار ئويۇنلىرىغا تارلىق بالىلار ئەدەبىياتى
ژانىرلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى ئى-
چىدىمۇ بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. لېكىن فېئوداللىق دەۋرنىڭ ئۇ-
زۇن يىل داۋاملىشىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما بالىلار ئەدەبىياتى دىگەن-
دەك راۋاجلىنالمىدى. هازىرقى زامان ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 -
يىللىرىدىن باشلىنىدۇ. لېكىن ئازاتلىققىچە بولغان ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى بىخ ها-
لىتىدىلا بولۇپ كەلدى. پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇ مايسا
هالىتىگە كەلدى. بۇ مايسا يۇمران ۋە ئاجىز، شۇڭا، بۇ مايسا تېخىمۇ كۆپ پەر-
ۋىش قىلىشقا مۇهتاج. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ها-
زىرمۇ بىر كەمبەغەل ئەدەبىي تەركىپ. ئۇنىڭدا بىر قانچە ژانىرلار بار، تېخى بىر
قانچە زامانىۋى ژانىر - تۈرلەر، مەسىلەن: ئىلمىي هىكايە، فانتازىيە هىكايىلار،
بالىلار كىنو سىنارىيىسى، بالىلار رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى، پەننىي ئە-
دەبىيات تۈرلىرى تېخى يوق. هازىرغىچە ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ هاياتىنى تېما قىل-
غان بىرمۇ كىنو فىلىمى ئىشلەنمىدى. بالىلار رەسىملىرى، بالىلار قونچاق ئويۇن-
لىرى، بالىلار ناخشا - مۇزىكىسى، بالىلار ئۇسۇللىرى راۋاجلىنالمىدى. ئۇيغۇر با-
لىلار ئەدەبىياتىدىكى بۇخىل كەمبەغەللىك كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي ئەهمىيەتلىك 12 - قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك زاما-
نىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدا بىر يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر بالىلار
ئەدەبىياتىدا ئۈزۈل - كېسىل يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلى-
گىچە بىر چوڭ ۋەزىيەت يارىتىش —— يازغۇچى - سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ مۇهىم ۋە-
زىپىسى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ كەمبەغەللىك هالىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەر-
تىپ، ئۇنى بىر باي، قۇدرەتلىك، زامانىۋى بالىلار ئەدەبىياتىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

كەڭ بالىلار —— ۋەتىنىمىزنىڭ قۇياشلىق بېغىدا پورەكلەپ ئېچىلىشقا تەييارلى-
نىپ تۇرغان غۇنچە - چېچەكلەردۇر. بالىلار يازغۇچىلىرى ۋە بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىنى
تۈزۈپ، تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلغۇچى تەهرىر، تەرجىمان، ژورنالىستلار مېهرىۋان باغ-
ۋەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋە شەرەپلىك. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى چوڭ ۋە قەدىر-
لىك. شۇڭا، ئۇلارنى پۈتۈن جەمئىيەت هۆرمەتلەشكە تېگىشلىك. ئېلىمىز بالىلىرىنىڭ
سۆيۈملۈك مومىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، مەرهۇم سۇڭ چىڭلىڭ
2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باهالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىغا
يوللىغان تەبرىك خېتىدە: «ياش - ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات - سەنئەتتى ئېهتىياجلىرى مېه-

رىۋان باغۋەنلەر ھىساپلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنى ۋە تەردىنى ئاققۇزۇپ، يۈز مىليونلىغان گۈل ـ غۇنچىلارنى تەربىيىلەيدۇ»⑨، دەپ بالىلار يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەمگىكىنى يۇقىرى باھالىغان ئىدى. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچى ـ شائىرلىرى، سەنئەتكارلىرى، ئەدەبىي ھەۋەسكارلىرى، ئوقۇشلۇق تۈزگۈچىلەر «مېھرىۋان باغۋەن» دېگەن نامغا لايىق ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ، تارىخنىڭ تاپشۇرۇغى، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئۈمىدى.

**ئىزاھاتلار:**

① «شىنجاڭ ئەدەبىيە گېزىتى» 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 3 - بەت.

② م.گوركى «مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر ۋە دەۋرىمىزدىكى بالىلار كىتابلىرى توغرىسىدا»، («ئەدەبىيات توغرىسىدا»، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 41 - بەت.)

③ م.گوركى: «ئەدەبىيات ــ بالىلارغا»، («ئەدەبىيات توغرىسىدا» 2 - توم، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 336 - بەت.)

④ شۇ كىتاپ، 339 - بەت.

⑤⑥ «بېلىنىسكى بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى توغرىسىدا» («بالىلار ئەدەبىياتى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، بېيجىڭ سىفەن داشۆي، 1956 - يىل نەشرى، 139 -، 140 - بەت)

⑦ م.گوركى: «ماۋزۇلار توغرىسىدا»، («ئەدەبىيات توغرىسىدا» 2- توم، 365 - بەت)

⑧ ماۋدۇن «جۇڭگو بالىلار ئەدەبىياتىدا چوڭ ئۈمىت بار» («بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆھبەت»، خەنزۇچە، ماقالىلار توپلىمى، «جۇڭگو ئوسمۈرلەر نەشرىياتى»، 1979 - يىل، 1 - بەت).

⑨ سۇڭ چىڭلىڭ: «ئۆسمۈر بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ كوپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجات قىلايلى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1980 - يىل، 6 - ئاي، 2 - كۈندىكى سانى.

مېنىڭ تۇرمۇش پەلسەپەم خىزمەت قىلىشتىنلا ئىبارەت، مېنىڭ مەقسىدىم تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىش ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرۈش. مەن بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆتكەن قىسقىغىنە ھاياتىمىزدا مۇشۇنداق ئىشلەشتىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان يەنە قانداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.

ـــ ئېدىسون

ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەخش ئەتكىنى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك.

ـــ ئېينىشتېين

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى توغرىسىدا

ئارسلان ئابدۇللا

تىلىمىزدىكى سانلار مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇلار ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تەھلىل قىلىنىپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. نەتىجىدە، سانلارنىڭ لېكسىكىلىق تۈرى ۋە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى بارلىققا كېلىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ لېكسىكىلىق تۈرى ۋە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ماقالىدا بىز مۇشۇ مەسىلە، خۇسۇسەن، سانلارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى توغرىسىدا ئۆزىمىزنىڭ دەسلەپكى كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچى. ئالدى بىلەن سانلار توغرىسىدىكى بىر قانچە خىل كۆز قاراشنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى خىل قاراشتا ①، سانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان شەكىللەر دەپ قارىلىپ، بۇ شەكىللەر سانلارنىڭ «ئاددىي دەرىجىسى، تەرتىپ دەرىجىسى، مۆلچەر دەرىجىسى، ئۆملۈك دەرىجىسى ۋە كەسىر دەرىجىسى» دېگەن بەش خىل دەرىجىگە تەۋەلەنگەن ۋە بۇلار سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، دەپ شەرھىلەنگەن ھەمدە سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتالغان بۇ كاتېگورىيىگە «شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ھەر خىل دەرىجىدە كۆرسىتىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن تەبىر بېرىلگەن.

ئىككىنچى خىل قاراشتا ②، «بەش، بەشىنچى، بەشچە» دېگەنلەر سانلارنىڭ تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھەر خىل دەرىجىدىكى گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان شەكىللىرى دەپ قارىلىپ، ئۇلار سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئېنىق دەرىجە، رەتلىك دەرىجە، مۆلچەر دەرىجە»لەرگە تەۋەلەنگەن. سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە بولسا، «بۇ كاتېگورىيە تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن ھەر خىل دەرىجىدىكى گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن تەبىر بېرىلگەن. شۇنىڭدەك، بۇلار-

دىن باشقا يەنە سانلارنىڭ قوشۇمچە لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان ئىككى خىل شەكلى بار دېيىلىپ، ئۇلار «ئوملۇك سان، كەسىر سان» دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلغان.

ئۈچىنچى خىل قاراشتا③، سانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان شەكىللەر دەپ قارىلىپ، ئۇلار «ساناق سان، تەرتىپ سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان» دەپ تۆرت تۈرگە بۆلۈنگەن.

تۆتىنچى خىل قاراشتا، بەزىلەر سانلار ئۆزلىرى بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە ۋە ھېساپلىنىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ، ساناق سان، تەرتىپ سان، مۆلچەر سان، ئوملۇك سان ۋە كەسىر سان دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ»④. دېسە، بەزىلەر «سانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە ۋە جۈملىدىكى رولىغا قاراپ، ساناق سان، تەرتىپ سان، مۆلچەر سان، ئوملۇك سان، كەسىر سان دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ»⑤، دېگەن.

بەشىنچى خىل قاراشتا⑥، سانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى ساناق سان، تەرتىپ سان، تەقسىم سان، كەسىر سان، ئوملۇك سان ۋە مۆلچەر ساندىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ دېيىلگەن.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەينى بىر خىل سۆز تۈركۈمى، يەنى سانلار توغرىسىدا پەقەت قولىمىزدا بار بولغان بەزى ماتېرىياللاردىلا يۇقۇرقىدەك بەش خىل كۆز قاراشنىڭ مەۋجۇت بولۇشى سانلارنىڭ شەرھىلىنىشىدە ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سانلار توغرىسىدىكى يۇقۇرقى تۈرلۈك كۆز قاراشلار تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى ئىپادىلىگەن مەنىلەر سانلارنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىلىرى بولۇپ، ئۇلار سانلارنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلامدۇ ياكى سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى بولۇپ، سانلارنىڭ لېكسىكىلىق تۈرىنى ھاسىل قىلامدۇ؛ سانلارنىڭ قايسى شەكىللىرى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ھاسىل قىلىدۇ، قايسى شەكىللىرى لېكسىكىلىق تۈر ھاسىل قىلىدۇ، دېگەن مەسىلىلەردىنلا ئىبارەت.

سانلار توغرىسىدىكى يۇقۇرىقى بەش خىل كۆز قاراشنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ.

بىرىنچى: ئۇيغۇر تىلىدىكى سان شەكىللىرى ئىپادىلىگەن مەنىلەرنىڭ ھەممىسى گىراماتىكىلىق مەنىلەر بولۇپ، بۇ شەكىللەر سانلارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەش خىل دەرىجىگە تەۋە بولىدۇ.

ئىككىنچى: «ساناق سان، تەرتىپ سان ۋە مۆلچەر سانلار» نىڭ شەكىللىرى

ئىپادىلىگەن مەنىلەر گىرامماتىكىلىق مەنىلەر بولۇپ، بۇ شەكىللەر سانلارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ خىل دەرىجىگە تەۋە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، «بەشەيلەن، بەشتىن بىر» دىگەن شەكىللەر سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار سانلارنىڭ ئىككى خىل لېكسىكىلىق تۈرى ھىساپلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: سان شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان شەكىللەر بولۇپ، ئۇلار سانلارنىڭ توت ياكى بەش خىل ۋە ياكى ئالتە خىل لېكسىكىلىق تۈرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇ ئۈچ نۇقتىنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسى ئۆز ئارا تامامەن زىت بولسا، ئىككىنچىسى بىلەن بىرىنچىسى ۋە ئۈچىنچىلىرىدە ھەم ئورتاقلىق، ھەم ئۆزگىچىلىك بار. خىلمۇ - خىل كوز قاراشلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنى شەرھلەشتە، قايسىسىنىڭ مۇۋاپىق، قايسىسىنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىگىنى تىل نەزىرىيىسى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمىلىيىتىگە ئاساسەن كۆزىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

بىزگە مەلۇم، ئوخشاش گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورتاق گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئابستىراكتلىشىشى، يىغىنچاقلىنىشى ۋە كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىنىشى گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىسىملار ئىپادىلىگەن «شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ بىر ەر شەخسكە تەۋە بولۇشى» ئوخشاش بىر خىل گىرامماتىكىلىق ھادىسە بولۇپ، مۇشۇ گىرامماتىكىلىق ھادىسە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورتاق گىرامماتىكىلىق مەنىنىڭ، يەنى «شەيئى - ھادىسىنىڭ بىراۋغا تەۋە بولۇشى» نىڭ ئابستىراكتلىشىشى، يىغىنچاقلىنىشى ۋە كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىنىشى گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە ھىساپلىنىدۇ. بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان «ئابستىراكتلىشىش، يىغىنچاقلىنىش» شەيئى - ھادىسىنىڭ كىمگە ياكى نىمىگە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئومۇمەن مەلۇم نەرسىگە تەۋە بولۇشىنى كورسىتىدۇ. «كىلاسسىفىكاتسىيە قىلىنىش» دىگەنلىك، شەيئى - ھادىسىنىڭ «مەن، سەن، ئۇ» قاتارلىقلاردىن بىرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەۋە بولۇشىنى كورسىتىدۇ.

دىمەك، گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئىخچام يىغىندىسى گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە بولىدۇ. گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان شەكىللەر گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە ھاسىل قىلالمايدۇ ۋە گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ.

تۆۋەندە، يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن بىر نەچچە خىل كوز قاراشلاردىن يىغىنچاقلانغان ئۈچ نۇقتا ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز.

1 ـ نۇقتا توغرىسىدا: مەلۇمكى، سانلارمۇ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدە خۇددى سۈپەتلەرگە ئوخشاش كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئېگىز بالا، چىرايلىق بالا، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەملىكەت، ئون ئادەم، ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ، بەش ـ ئالتە بالا دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دېمەك، ئىسىملارنى ئېنىقلاپ، جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدە ئېنىقلىغۇچى رولىنى ئويناش سان ۋە سۈپەتلەر ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، ئۇلاردا ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بار. يەنى سۈپەتلەر ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كەلسە، سانلار ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ سان ـ مىقدارى ۋە سانلىق تەرتىۋى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى سۆز تۈركۈمى ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى ئىسىملارنى سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، سانلارنىمۇ سۈپەتلەرنىڭ بۇ خىل كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە زورمۇ ـ زور كۆچۈرۈپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىراق، سانلار ھەققىدىكى بىرىنچى نۇقتىدا، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە بېرىلگەن تەبىر سانلارغا كۆچۈرۈپ قويۇلغان.

سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە بېرىلگەن تەبىر مۇنداق: «شەيئىلەرنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرسىتىدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ». بۇ تەبىرگە ئۇيغۇن ھالدا، «قىزىل ئالما، قىزىلراق ئالما، قىزىلغىنە ئالما، قىپ ـ قىزىل ئالما ...» دېگەن بىرىكمىلەردە ئالمىنىڭ قىزىللىق خۇسۇسىيىتى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، سۆز ئالمىنىڭ قىزىللىقىدىن چەتنىمىگەن ۋە «قىزىل» سۆزى ھەر قايسى بىرىكمىلەردە ھەر خىل شەكىللەردە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يېڭى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلىمەستىن، ئەكسىچە، تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى ئارقىلىق تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە بېرىلگەن تەبىر توغرا.

سانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى سانلارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسى دېيىلىپ، بۇ كاتېگورىيىگىمۇ «شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ھەر خىل دەرىجىدە كۆرسىتىدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن تەبىر تەقلىدىي يوسۇندا بېرىلگەن. بىز سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن سان شەكىللىرىنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ھەر خىل دەرىجىدە كۆرسەتكەن ـ كۆرسەتمىگەنلىكىنى ئىلمىي مىساللار ئارقىلىق كۆرۈپ باقايلى.

مەسىلەن: «ئىككى، ئىككىنچى، ئىككىيلەن، ئىككى ـ ئۈچ، ئىككىدىن بىر» دىگەن سان شەكىللىرى «ئىككى كىتاپ، ئىككىنچى كىتاپ، ئىككىيلەننىڭ كىتاۋى، ئىككى ـ ئۈچ كىتاپ ئالدىم، كىتاپلىرىمنىڭ ئىككىدىن بىرى ـــ خەنزۇچە» دىگەن قۇرۇلمىلاردا كىتاپ ساننى ھەرخىل دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى ھەر قايسىسى («ئىككى ـ ئۈچ كىتاپ» دىگەن قۇرۇلمىدىن باشقىسى) ئوز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم لېكسىكىلىق مەنا، يەنى «كىتاپنىڭ ئېنىق ئىككى ئىكەنلىگى»؛ «كىتاپنىڭ ئىككىنچى قىسمى»؛ «ئىككى ئادەمنىڭ كىتاۋى»؛ «بىر مۇنچە كىتاپنىڭ بىر قىسمى» (يېرىمى) دىگەنگە ئوخشاش لېكسىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا، سانلارنىڭ بۇنداق لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان شەكىللىرى گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىگە كىرگۈزۈلۈشى ۋە بۇ خىل كاتىگورىيىگە يۇقۇرقىدەك تەبىرنىڭ بېرىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس.

2 ـ نۇقتا توغرىسىدا: بۇنىڭدا «بەشەيلەن، بەشتىن بىر» دىگەن سان شەكىللىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغانلىغى نەزەردە تۇتۇلۇپ، سانلارنىڭ لېكسىكىلىق تۈرىگە كىرگۈزۈلۈشى مۇۋاپىق بولسىمۇ، «بەشىنچى» دىگەن تەرتىپ سان شەكلىنى سانلارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىسىگە كىرگۈزۈش مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى، سانلارنىڭ بۇ خىل شەكلى گىراماتىكىلىق مەنا ئەمەس، بەلكى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «ئىككى بالام ئۈچ بولۇپ قالدى»، «بۇ قېتىمقى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا ھەر ئىككى بالام ئۈچىنچى بولۇپ قاپتۇ» دىگەن كونتېكىستلاردا ئۇنىڭ قانداق مەنا ئىپادىلەيدىغانلىغى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

3 ـ نۇقتا: بۇنىڭدا سانلارنىڭ بارلىق شەكىللىرى قارا ـ قويۇقلا سانلارنىڭ «تۈرى» دىيىلىپ، گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان سان شەكىللىرىمۇ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىگە كىرگۈزۈلمىگەن ۋە سانلارنى تۈرلەرگە بولۇشتىكى پىرىنسىپلارمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمىغان، نەتىجىدە سانلارنىڭ تۈرىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار كېلىپ چىققان.

بىز سانلارنىڭ شەكىللىرىدىن قايسىلارنىڭ قوشۇمچە گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغانلىغى، قايسىلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغانلىغىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆزىتىپ باقايلى.

مەسىلەن: «توت، توتىنچى، توتەيلەن، توتتىن ئىككى، توتچە (توتتەك، توت ـ بەش)». بۇ سان شەكىللىرىنىڭ بىرىنچىسى ئېنىق (كونكىرىت) توتنى، ئىككىنچىسى تەرتىپنى، ئۈچىنچىسى توت ئادەمنى، توتىنچىسى توتنىڭ يېرىمىنى، بەشىنچىسى ساننىڭ ئېنىقسىزلىغىنى بىلدۈرگەن. دىمەك، يۇقۇرقى سان شەكىللىرىنىڭ 2 ـ، 3 ـ ۋە 4 ـ سى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلىگەن.

بولسا، 1 ـ ۋە 5 ـ سى قوشۇمچە گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلىگەن.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن لېكسىك مەنىلىرىگە ئاساسەن «تەرتىپ سان، ئوملۇك سان، كەسىر سان» دەپ ئۈچ تۈرگە⑦، ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن قوشۇمچە گىرامماتىكىلىق مەنىلىرىگە ئاساسەن، سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئېنىق دەرىجە» ۋە «مۆلچەر دەرىجە»گە تەۋە بولىدۇ.

تۆۋەندە، سانلارنىڭ مۇشۇنداق بۆلۈنۈشى ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىمىز.

△ شەيئى ـــ ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ئېنىق ياكى مۆلچەرلەپ (تەخمىن ھالدا) كۆرسىتىدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە سانلارنىڭ كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 1. سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى

شەيئى ـــ ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان سان دەرىجىسى سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ساناق سانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

بۇ يەردە كونكرېت سانلارنى، يەنى: شەيئى ـــ ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ئېنىق كۆرسىتىۋاتقان سان شەكىللىرى ـــ ساناق سانلارنى تەرتىپ سان، ئوملۇك سان، كەسىر سانلار بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا (مەسىلەن: بەش، بەشىنچى، بەشەيلەن، بەشتىن بىر) ئۇنىڭمۇ باشقا سان شەكىللىرىگىلا ئوخشاشلا لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەۋاتقانلىقىغا قارىماي، سانلارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشتىكى سەۋەپ ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

مەلۇمكى، گىرامماتىكىلىق مەنا ماھىيەتتە، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلاردا مۇئەييەن خۇسۇسىيەت ـ ئالامەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان مەنىلەردىن ئىبارەت. مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت ـ ئالامەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلار بەزىدە سۆزلەرنىڭ نۆل شەكلى بولسا، بەزىدە نۆل شەكىلگە گىرامماتىكىلىق مورفېمىلار قوشۇلغان شەكىللەردىن ئىبارەت بولىدۇ. نۆل شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغان گىرامماتىكىلىق مەنا پەقەت ئۆزىگە ماس كېلىدىغان گىرامماتىكىلىق مورفېمىلىق شەكىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندىلا، ئايدىڭلىشىدۇ.

مەسىلەن: «قەلەم» دېگەن سۆز مۇشۇ تۇرقىدا، يەنى نۆل شەكىلدە تۇرۇپ،

«خەت يازىدىغان ئەسۋاپ» دىگەندىن ئىبارەت لېكسىكىلىق مەنىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە قوشۇمچە گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. «قەلەم» سوزىدىن ئىپادىلىنىدىغان قوشۇمچە گىرامماتىكىلىق مەنا پەقەت بۇ سوزنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى نۇقتىسىدىن «قەلەمنى، قەلەمدە، قەلەمدىن...» دىگەنگە ئوخشاش گىرامماتىكىلىق مورفېمىلار قوشۇلغان شەكىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندىلا روشەنلىشىدۇ. شۇنىڭدەك، «قەلەم» سوزىدىن ئىپادىلىنىدىغان يەنە بىر خىل گىرامماتىكىلىق مەنا، يەنى، «قەلەمنىڭ بىرلا ئىكەنلىگى» بۇ سوزنىڭ سان كاتېگورىيىسى نۇقتىسىدىن «قەلەملەر» دىگەن گىرامماتىكىلىق مورفېما قوشۇلغان شەكىل بىلەن سېلىشتۇرۇلۇش نەتىجىسىدىلا ئېنىقلىنىدۇ.

نول شەكىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، يەنى سوزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق مورفېمىسىز تۇرۇپ، گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلىيەلىشى ئۇنىڭ فونېتىكىلىق (تىل تاۋۇشى) جەھەتتىكى ئىپادىسى نول بولسىمۇ، سىمانتىكىلىق جەھەتتىكى ئىپادىسىنىڭ نول ئەمەسلىگىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە، سوزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان بەزى قۇرۇلمىلىرىنىڭ فونېتىكىلىق جەھەتتىكى ئىپادىسىنىڭ نول بولۇشى فونېتىكىلىق ئىپادىسى نول بولمىغان قۇرۇلمىلارنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. باشقا قۇرۇلمىلارنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگىدىن ئايرىلغان ھالدا، قۇرۇلمىلارنىڭ نول شەكىلدە تۇرۇپ، گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مەسىلەن: تىلىمىزدىكى ئىسىملارنىڭ «بىرلىك» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان نول شەكلى (مەسىلەن: پىچاق، دەپتەر...) ئىسىملارنىڭ «كوپلۈك» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق مورفېمىلىق شەكلى — «لار/لەر» (پىچاقلار، دەپتەرلەر) نىڭ مەۋجۇتلىغىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «پىچاق، دەپتەر» نىڭ پەقەت بىرلا ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەن. خۇددى شۇنىڭدەك، تىلىمىزدىكى سانلارنىڭ نول شەكلى (مەسىلەن: بەش...) سانلارنىڭ مولچەر شەكلىنىڭ (بەشچە، بەشتەك، بەش — ئالتىچە...) مەۋجۇتلىغىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ شەيئى — ھادىسىلەر سانىنىڭ ئېنىقلىغىنى كورسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ («بەش» نىڭ) فونېتىكىلىق جەھەتتىكى ئىپادىسى نول بولسىمۇ، سىمانتىك جەھەتتىكى ئىپادىسى نول ئەمەس. شۇڭا، بىز ساناق سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەشتىن باشقا، سانلارنىڭ مولچەر شەكلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نول شەكلى بىلەن قوشۇمچە گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەشتەك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى سانلارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزىمىز. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ شەيئى — ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ئېنىق كورسىتىشتەك گىرامماتىكىلىق مەنىسىگە ئاساسەن، ئۇلارنى «سانلارنىڭ ئېنىق دەرىجىسى» دىگەن نام بىلەن ئاتايمىز.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ سانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، جۈملىدە ئاساسەن «قانچە، نەچچە، قانچىلىك، نەچچىلىك» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

(1) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى سۆزلەرگە مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشسىز ياندىشىپ باغلىنىدۇ. ئۇلار پەقەت ماتېماتىكىلىق تېرمىن ئورنىدا قوللىنىلغاندا، ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ ۋە «لىق/لىك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يېڭى سۆز ياسايدۇ.

مەسىلەن: «بۈگۈن ئۇ دەرسكە يەنە ئون مىنۇت كېچىكتى».

«بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار، ئونلار خانىسى» دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار باشقا سان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

مەسىلەن: «ئىككى + چە، ئىككى + نچى، ئىككى + يلەن» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(3) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار بەزىدە سۈپەت رولىدا ۋە بەزىدە كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئون سەككىز مىڭ ئالەم»، «مىڭ بىر جاپالار بىلەن»، «توققۇزى تەل، ئوتتۇزى ھەل بولماق» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى يۇقۇرقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىلىشى تۆۋەندىكىچە:

ماقالا - ئەسەرلەردە يۈزلەر خانىسىغىچە بولغان مۇرەككەپ پارچە سانلار ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ مۇرەككەپ پارچە سانلار ئاساسەن رەقەم بىلەن يېزىلىدۇ. ئونغىچە بولغان ئاددى سانلار ۋە «مىڭ، تۈمەن، مىليون، مىليارت» دېگەنگە ئوخشاش پۈتۈن سانلار ئاساسەن خەت بىلەن يېزىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى «موچەل» (12)، قەنە (33)، ھەپتە (7)، جۈپ ياكى قوش (2) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەندە، ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان «بىر» سانى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز. «بىر» سانى ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار ئىچىدە قوللىنىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ ۋە كۆپ مەنىگە ئىگە سان بولۇپ، ئۇ باشقا سانلاردا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) «بىر» سۆزى كۆپىنچە ئۆزىنىڭ كونكرېت مەنىسىنى يوقىتىپ، ئابستراكت مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: «بىر ئوبدان»، «بىر قىسما»، «بىر قاتار»، «بىر تۇرلۇك»دىگەنـ
گەن بۇنداق بىرىكمىلەر «بىر» سوزىنىڭ سانلىق مەنىسىدىن يىراقلىشىشى ۋە
ئابىستراكتلىشىشى نەتىجىسىدە، تۇراقلىق بىرىكمىلەر خاراكتىرىگە
ياكى قوشما سوز خاراكتىرىگە يۇزلىنىدۇ.

(2) «بىر» سوز بەزىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئوزى ئېنىقلاپ كەلگەن قۇرۇلـ
مىلارنىڭ سان، سۇپەت، ئورۇن ـ ۋاقىت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېنىقسىز ئىكەنـ
لىگىنى ياكى ئومۇمى خاراكتىرگە ئىگە ئىكەنلىگىنى بىلدۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا،
ئۇنىڭ مەنىسى ۋە رولى ئوزى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان قۇرۇلمىنىڭ مەنىسى
بىلەن چەمبەر ـ چەس چاغلانغان بولىدۇ. شۇنداقلا، «بىر» سوزى ئوزى ئىشتىراك
قىلغان قۇرۇلمىغا ھەم سان، ھەم ئېنىقسىزلىق مەنىسىنى يۇكلەيدۇ.

مەسىلەن: «سىزنى بايا بىر ئادەم ئىزلەپ كەلگەن ئىكەن».

«بىر كۇنى كوچىدا سابىرنى ئۇچرىتىپ قالدىم» دىگەندەك.

(3) «بىر» سوزى بەزىدە ئىسىملىشىپ، ئىسىملارغا خاس قوشۇمچىلار بىلەن
تۇرلىنىدۇ ۋە جۇملىنىڭ بىر بولۇگى بولالايدۇ.

مەسىلەن: «بىرىگە جان قايغۇسى، بىرىگە نان»، «بىرى توكۇلۇپ سەكرەيدۇ،
بىرى تويۇپ» دىگەندەك.

(4) «بىر»سوزى بەزىدە ئىسىم، پېئىل ياكى باشقا سوزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ،
«ئوخشاش، بىللە» دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ.

مەسىلەن: «بىزنىڭ مەقسىدىمىز بىر»، «ئۇنىڭ بىلەن باغچىدا بىر ئوينىدۇق»
دىگەندەك.

(5) «بىر»سوزى بەزىدە باغلىغۇچىلىق رول ئويناپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ
ئارقا ـ ئارقىدىن بولغانلىغىنى بىلدۇرىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ، بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا قاراپ، نەگە مېڭىشىنى بىلەلـ
مەي تۇرۇپلا قالغان ئىدى» دىگەنلەرگە ئوخشاش.

(6) «بىر» سوزى بەزىدە سۇپەت ياكى پېئىللارغا باغلىنىپ، ئاشۇرما رەۋىشـ
لەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

مەسىلەن: «ھاشىم بىر گەپدان ئادەم ئىكەنكى، بىر سوزلىگىلى تۇرسا، ھەمـ
مىنى تاڭ قالدۇراتتى».

(7) «بىر» سوزى بەزىدە باشقا تۇركۇمدىكى سوزلەرگە قوشۇلۇپ ۋە بەزى قوشۇمـ
چىلارنى قوبۇل قىلىپ، بىر قىسىم سوزلەرنى ياسايدۇ.

مەسىلەن: «بىر مەھەل، بىردەم، بىر تالاي، بىركىم، بىرنىمە، بىرھازا، بىرـ
لىك، بىرلەشمەك، بىرىكمەك، بىر بىرلەپ، بىرلەمچى» دىگەندەك.

«بىر» سوزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ ۋە ئىپادىلىگەن مەنىلىرى مۇـ

رەككەپ بولۇپ، ئۇ، مەخسۇس تەتقىقات تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە كوپ توختالمايمىز.

## 2. سانلارنىڭ مولچەر دەرىجىسى

شەيئى — ھادىسىلەرنىڭ سانىنى مولچەر بىلەن كورسىتىدىغان سان دەرىجىسى سانلارنىڭ مولچەر دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «سىنىپىمىزدا قىرىقتەك ئوقۇغۇچى بار»، «ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە كەلگىنىگە بەش - ئالتە كۈن بولۇپ قالدى» دىگەنلەرگە ئوخشاش.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارنىڭ مولچەر دەرىجىسى ئاساسەن سىنتېتىك ئۇسۇل بىلەن ياسىلىدۇ.

فورمىسى: سان + قوشۇمچە.

(1) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارغا «چە» ياكى «دەك/تەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «بەشچە، ئوندەك، سەكسەن بەشتەك» دىگەنلەرگە ئوخشاش. ئەگەر ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار مىقدار بىرلىگى بولۇپ كەلگەن سوزلەر بىلەن بىللە كەلسە، بۇ قوشۇمچىلار سانلارغا ئەمەس، بەلكى مىقدار بىرلىگى بولۇپ كەلگەن سوزلەرگە ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: «بۇگۇن قاسىم ئون كىلودەك ماي، ئون بەش كىلوچە گوش ئالغاچ كەپتۇ» دىگەندەك.

(2) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارغا ئاۋال كوپلۇك قوشۇمچىسى، ئاندىن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ياكى «چە» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئېھتىمال، ئەتە سائەت ئونلاردا كېلىپ قالار».

«ئۇ زامانلاردا مىڭلارچە ئىنسان ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتەتتى».

(3) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارغا «لىغان/لىگەن»، «لاپ/لەپ» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «يېڭى ئۈزۈن سەپەردە مىڭلىغان ھايات ليېيفېڭلار بارلىققا كەلدى»، «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بۇ گۇللىنىش دەۋرىدە ئوت يۈرەك شائىرلار مىڭلاپ يېتىشمەكتە» دىگەندەك.

تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ قوشۇمچىلار باشقا تۈركۈمدىكى سوزلەردىن (جۇملىدىن، سانلاردىنمۇ) پېئىل ياسايدىغان «لا/لە» قوشۇمچىلىرىغا رەۋىشداش ياسىغۇچى «پ» ۋە سۈپەتداش ياسىغۇچى «غان/قان/گەن/كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ

قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. شۇڭا، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان مولچەر دەرىجىدىكى سانلار بەزىدە «شۇ قەدەر» كوپ دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنىمۇ بىلـدۇردۇ.

(4) بەزىدە «بىر» سانىغا «ئەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «كىتاپنى بىرەر قېتىم ئوقۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ».

بىز يۇقۇرىدا تىلىمىزدىكى سان شەكىللىرىدىن قوشۇمچە گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەپ، سانلارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىسىنى هاسىل قىلىدىغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ هاسىل قىلغان گىراماتىكىلىق كاتىگورىيىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. سانلارنىڭ قالغان شەكىللىرى، يەنى لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغانلىرى ئۈستىدە توختىلىش ماقالىمىزنىڭ يېزىلىش مەقسىدى بولمىسىمۇ، تىلىمىزدىكى سان شەكىللىرىدىن قايسىلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق مەنا، قايسىلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغانلىغى توغرىسىدا ئىختىلاپ بولغاچقا، بىزنىڭچە لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارالغان سان شەكىللىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3. سانلارنىڭ تۈرى

تىلىمىزدا، ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئاساسىدا قوشۇمچە گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان يۇقۇرقى ئىككى خىل سان شەكلىدىن باشقا، پەقەت لېكسىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان يەنە ئۈچ خىل سان شەكلى بولۇپ، ئۇلار ئوزلىرى بىلدۇرگەن لېكسىكىلىق مەنىلىرىگە ئاساسەن، «تەرتىپ سان»، «ئومۇلۇك سان» ۋە «كەسىر سان» دەپ ئۈچ تۈرگە بولۇنىدۇ.

A. تەرتىپ سان:

شەيئى ـ هادىسىلەرنىڭ سانلىق تەرتىۋىنى بىلدۇرىدىغان سان شەكلى تەرتىپ سان دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرتىپ سانلار ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارغا «ئىنچى / نچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئەگەر تەرتىپ سانلار ئەرەپ رەقىمى بىلەن يېزىلسا، ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارغا قوشۇمچە ئورنىدا «ـ» بەلگىسى قويۇلىدۇ ۋە بۇ بەلگە «ئىنچى» ياكى «نچى» ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: «ئونىنچى باپ»، «1 ـ ماي (بىرىنچى ماي) خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى»، دىگەنلەرگە ئوخشاش.

تەرتىپ سانلار ئەگەر رىم رەقىمى بىلەن يېزىلسا رەقەملەرنىڭ «ئىنچى/نچى»

قوشۇمچىلىرى، يا «-» بەلگىسى قويۇلمايدۇ. لېكىن، يەنىلا «ئىنچى/نچى» قوشۇمچىلىرى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: « Ⅲ باپ» (ئۈچىنچى باپ)، «XV ئەسىر» (15 ـ ئەسىر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

B. ئومۇلۇك سان:

سان جەھەتتىن ئېنىق بولغان كىشىلەر توپى (كوللېكتىۋى)نى بىلدۈرىدىغان سان شەكلى ئومۇلۇك سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇلۇك سانلار ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارغا «ئەيلەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: «بەشەيلەن، ئونەيلەن» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

C. كەسىر سان:

پۈتۈن نەرسىنىڭ بىر ياكى بىر قانچە بولەكلەرگە بولۇنۇپ، ئۇنىڭ قانچە قىسمى ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سان شەكلى كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ.

كەسىر سانلار ئېنىق دەرىجىدىكى سانلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار رەقەم بىلەن ئىپادىلەنسە، ئەسلى مىقدار مەخرەج بىلەن، پارچىسى سۈرەت بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. خەت بىلەن يېزىلسا، ئەسلى مىقدار چىقىش كېلىشتە، ئېلىنغان قىسمى (پارچىسى) باش كېلىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: $\frac{1}{5}$ (بەشتىن بىر)، $\frac{3}{10}$ (ئوندىن ئۈچ) دېگەندەك.

ئەگەر كەسىر سانلاردىن بۇرۇن نول ياكى پۈتۈن سانلار كەلسە، نول ياكى پۈتۈن سانلاردىن كېيىن «پۈتۈن» سۆزى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: 0.23 (نول پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە ئۈچ)

$1\frac{6}{10}$ (بىر پۈتۈن ئوندىن ئالتە) دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار كاتېگورىيىسى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتە مۇنازىرىنىڭ قانات يېيىشىغا بىر تۈرتكە بولۇپ قالاردىگەن ئۈمىتتە، بۇ ھەقتىكى ئوزىمىزنىڭ پىشمىغان كوز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوتتۇق، بىزنىڭ بۇ پىكىرلىرىمىز پەقەت دەسلەپكى ئىزلىنىشتىنلا ئىبارەت.

ئىزاھلار:

① شىنجاڭ رادىيو سىغەن داشۆيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».

② نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».

③ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتوتىدا بېسىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى.

④ ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».
⑤ تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى».
⑥ ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».
⑦ بەزىلەر ساناق سانلارغا „دىن/تىن„ قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان „بەشتىن، ئوندىن„ دېگەن شەكىللەرنىمۇ سانلارنىڭ ئايرىم بىر لېكسىكىلىق تۈرى دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە پىكىر بىرلىكى بولمىغاچقا، بۇ يەردە بىز يەنىلا بۇرۇنقى بەش خىل شەكىلنى ئاساس قىلدۇق.

ھەر كۈنى خۇشال - خۇرام تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىلەكداشمەن؛ ئۆمۈر بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا، ئاندىن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئىزلەيدىغان بولۇپ قالماڭ؛ ھەممە ئىسسىق ئارزۇ - ئۈمىتلىرىڭىزنى ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغا قويۇپ قويماڭ.

**— كېيورى خانىم**

كىشى ئارتۇقچە خىيالچان بولۇپ كەتسە، ئىنسانىي لەززەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

**— شېكىسپىر**

تۇرمۇشقا ئاقىلانە، سەگەك ھالدا مۇئامىلە قىلغاندىلا، ئاندىن ئىلگىرى قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېساپلانغان پاجىئەلەردىمۇ غالىپ كېلەلەيدۇ.

**— چېرنىشېۋىسكى**

ھەرقانداق مەسىلىگە چارە قىلغىلى بولىدۇ، زادىلا ئەقىل يەتكۈزگىلى بولمايدىغان ئىش يوق. مۇبادا سىز ھەقىقەتەن ئەقىل يەتكۈزەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ ئەخمەقلىقىڭىزدىن ھەم ھورۇنلۇقىڭىزدىن كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق.

**— ئېدىسون**

مۇبادا مال - مۈلكىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولساڭ، ئازراقلا بىر نەمەڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولىسەن؛

مۇبادا شان - شۆھرىتىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولساڭ، خېلىلا بىر نەمىلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولىسەن؛

مۇبادا غەيرەت - شىجائىتىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولساڭ، بارلىقىڭدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغان بولىسەن!

**— گېيتې**

كىشى ھاياتىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن خىزمىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

**— شۈي ۋېي**

# جۈملە تەھلىل قىلىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى

**راخمان خانبابايېۋ**

تىل ئۇستىدە گىراماتىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىشتا ھەر خىل تىل ئۈزۈندىسىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى ۋە مەنا مۇناسىۋىتى تەھلىل قىلىنىدۇ. قۇرۇلما تىلدىكى كىچىكرەك ئۈزۈندىلەرنىڭ بىرىكىپ چوڭراق ئۈزۈندىلەرنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى. قۇرۇلمىنى تەھلىل قىلغاندا قۇرۇلما قاتلاملىرى ۋە قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش بىللە مەنا مۇناسىۋىتىمۇ تەھلىل قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ھەر قانداق بىر تىل ئۈزۈندىسى بىر قانچە تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، ئۇلار بىر بىرى بىلەن قاتلاممۇ - قاتلام ھالدا بىرىكىدۇ. بىر ئۈزۈندىنىڭ قۇرۇلما تەركىبلىرى ئارىسىدىمۇ مۇناسىۋەت بولىدۇ. مەنا مۇناسىۋىتى بولسا، بىر تىل ئۈزۈندىسىنىڭ ھەر قايسى تەركىبلىرى ئارىسىدىكى مەنا جەھەتتىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

جۈملىمۇ تىل ئۈزۈندىسىنىڭ بىر خىلى، ئۇمۇ بىر خىل قۇرۇلما، جۈملە نىسبىي تولۇق بولغان بىر مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى، جۈملىدىمۇ قۇرۇلما قاتلاملىرى، قۇرۇلما مۇناسىۋىتى ۋە مەنا مۇناسىۋىتى بولىدۇ. جۈملىدىكى سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسەن جۈملىنىڭ ھەر خىل تەشكىلىي تەركىبلىرىنى تەھلىل قىلىپ چىقىشقا بولىدۇ. دېمەك، جۈملە مۇئەييەن تەركىبلەردىن تەشكىل قىلىنىدۇ ۋە مۇئەييەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ.

گىراماتىكا تەتقىقاتى ۋە تەھلىلدە ھەر خىل نەزەرىيىلەرنىڭ تەھلىل قىلىدىغان تىل بىرلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر جۈملە تەھلىلىدە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇل كۆپرەك قوللىنىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى جۈملە بۆلەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، يەنە بىرسى قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى (بىۋاستە تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ئەنئەنىۋى گىراماتىكا تىلشۇناسلارنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنى تەتقىق

قىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان، ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا ئۇقتىلىق ھالدا سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ جۈملە تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گىرامماتىكىلىق تەھلىلىدە سۆز ئاساسىي بىرلىك قىلىنىدۇ. سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق فۇنكتسىيىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىجاتچىسى شۋېتسارىيىلىك ساۋسۇري، فېردىناند (SAUSSURE, Ferdinand) بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق كۇرسى» دېگەن كىتاۋىدا تىل ھەققىدە بىر قاتار مۇكەممەل نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرۇلمىچىلىق بولسا، تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ گىرامماتىكىلىق تەھلىلىدە مورفېما ئاساسىي بىرلىك قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا سۆز تۈركۈمىنىڭ پەرقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. سۆزنى بىرلىك قىلغان ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىلىق تەھلىلدە "جۈملە بۆلەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى" يەنى "كۆپكە بۆلۈش ئۇسۇلى" بىلەن جۈملىلەر تەھلىل قىلىنىدۇ. مورفېمىنى بىرلىك قىلغان قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيىسى بويىچە بولسا "قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى" يەنى "ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى" قوللىنىلىپ جۈملە تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوللانغان كىشىلەرنىڭ جۈملىنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ باسقۇچلىرىمۇ بىر بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا جۈملىدىكى سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان گىرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن تەھلىل قىلىنىپ چىققان تەشكىلىي تەركىبلەرنى جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى دەپ ئاتايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا، جۈملىنى تەشكىل قىلغان تەركىبلەرنى بىرقانچە خىل جۈملە بۆلەكلىرىگە بۆلۈۋېلىپ، ئاندىن جۈملە بىر يولىلا تەھلىل قىلىنىدۇ. يەنە بۇ بۆلەكلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، جۈملىلەرنىڭ ھەر خىل تىپلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا، ئالدى بىلەن جۈملىنى ئىككىگە يەنى بىۋاستە تەركىبلەرگە بۆلۈپ، ئاندىن بۇ بىۋاستە تەركىبلەر يەنە قۇرۇلما قاتلاملىرى بويىچە تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە تۆۋەندىكى بىرقانچە جۈملىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

جۈملە بۆلەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن:

(ھەر بىر جۈملە بۆلىكى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئايرىپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن: ئىگىگە قويۇلىدىغان سوئاللار كىم؟ نېمە؟ نېمىسى؟ قانچىسى؟ قاندىقى؟...... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. خەۋەرگە قويۇلىدىغان ئاساسلىق سوئاللار نېمە بولدى؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە بولىدۇ؟ نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلماقچى؟ نېمە

قىلىۋاتىدۇ؟...... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تولدۇرغۇچىغا قويۇلىدىغان سوئاللار كىمنى؟ نېمىنى؟...... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ۋە باشقىلار.)

(1) ئەركىن ئوقىدى.
(ئىگە) (خەۋەر)

(2) ئەركىن كىتاپ ئوقىدى.
(ئىگە) (تولدۇرغۇچى) (خەۋەر)

(3) ئەركىن بۇ كىتاپنى ئوقىدى.
(ئىگە) (ئېنىقلىغۇچى) (تولدۇرغۇچى) (خەۋەر)

(4) ئەركىن بۇ كىتاپنى قىزىقىپ ئوقىدى.
(ئىگە) (ئېنىقلىغۇچى) (تولدۇرغۇچى) (هالەت) (خەۋەر)

(5) ئۇكام ئەركىن بۇ كىتاپنى قىزىقىپ ئوقىدى.
(ئېنىقلىغۇچى) (ئىگە) (ئېنىقلىغۇچى) (تولدۇرغۇچى) (هالەت) (خەۋەر)

قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن:

(جۈملىنى قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەھلىل قىلغاندا، ئالدى بىلەن جۈملە ئىنتوناتسىيىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئادەتتە «دەرەخسىمان ئىسخىما» بىلەن تەھلىل قىلىنىدۇ.)

(1)



ياكى:



ياكى:


(2)




ياكى:




ياكى:




(3)




ياكى:




ياكى:




(4) ئەركىن بۇ كىتاپنى قىزىقىپ ئوقىدى




ياكى:



ياكى:




(5) ئۇكام ئەركىن بۇ كىتاپنى قىزىقىپ ئوقۇدى




ياكى:




ياكى:




بۇ سىخېمىدۇم كومتۇرۇلگەن بىر دەرەخكە ئوخشايدىغان بولغاچقا، «دەرەخسىمان سىخېما» دەپ ئاتالغان. «دەرەخسىمان سىخېما» جۇملىنىڭ قۇرۇلما قاتلاملىرىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان بىر خىل كورسەتمىلىك ۋاستە. بۇنىڭدا جۇملە بىر پۈتۈنلۈك دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ تەشكىلىي تەركىپلىرى قاتلاممۇ ـ قاتلام ھالدا ئەڭ كىچىك تەركىپلەرگە قەدەر بولىنىدۇ، «دەرەخسىمان سىخېما» بىلەن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جۇملىنىڭ تۈز سىزىقلىق ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە قاتلاملىق قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنىڭ ئوز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن كورۇنۇشىنى ئېنىق كورۇۋالغىلى بولىدۇ، «دەرەخسىمان سىخېما» بىلەن تەھلىل قىلغاندا، ئادەتتە، سوز، سوز بىرىكمىلىرى ۋە جۇملە ئۇچۇن ھەر خىل شەرتلىك بەلگىلەر قوللىنىلىدۇ.

جۇملىنى تەھلىل قىلىشنىڭ بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلىنىڭ ئوزلىرىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بار. جۇملە بولەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى «يىغىنچاق ۋە ئىخچاملىق ئەۋزەللىكى بار. ئۇ تىل ئوقۇتۇشتا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىلمىي ئاساستا بىر خىل تىلنى چۈشىنىشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇل» ①ئۇنىڭ يېتەرسىز جايى، گەرچە، جۇملە بولەكلىرى پۈتۈن جۇملىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن ۋە ئۇنىڭدا بەش بولەك، ئۈچ قاتلامغا بولۇنۇپ، ئىگە بىلەن خەۋەر بىر قاتلام، تولدۇرغۇچى بىر قاتلام، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولسا بىر قاتلام دەپ قارالسىمۇ ليكىن جۇملىنى تەھلىل قىلغاندا جۇملە بولەكلىرىنى بىر يولىلا تېپىپ چىققانلىقى ئۇچۇن، تەھلىل قىلىنغان جۇملىدىن جۇملىنىڭ قۇرۇلما قاتلاملىرى ئارىسىدىكى

① لۈي شۇشياڭ: «خەنزۇ تىلىدىكى گىرامماتىكىلىق تەھلىل قىلىش مەسىلىلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ بەت.

مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق كورۇۋالغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىگە ۋە خەۋەر جۈملىنىڭ باش بولۇگى دەپ قارالغانلىقتىن، ئىگە بىلەن خەۋەرنى بىۋاستە بىر ـ بىرىگە بىرلەشتۇرۇۋېتىشتىن ئۇزىمۇ ئۇنىڭ بىر يېتەرسىز جايى. مۇنداق قىلغاندا ياكى ئەسلى جۈملىنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسىدىن باشقىچىرەك مەنا ئاڭلىنىپ قېلىشى ياكى مەنىسى مۇجمەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمدى قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، بۇنىڭدا جۈملە تەركىپلىرىنىڭ قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېتەرسىز جايى ئۇنىڭدا يۈزەكى هالدا جۈملىنىڭ قۇرۇلما ئالاهىدىلىكىگىلا ئەهمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئانچە ئەهمىيەت بېرىلمەيدۇ ياكى پۈتۈنلەي ئەهمىيەت بېرىلمەيدۇ. يەنە بىر يېتەرسىزلىكى جۈملە بولەكلىرى سوزلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر جۈملىنى قەيەردىن ئىككىگە بولۇش مەسىلىسىدە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. بۇ خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولۇپ، يىغىنچاق ۋە ئىخچام ئەمەس.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى تىلشۇناسلار بۇ ئىككى خىل جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ يېڭى بىر خىل جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ ئۇسۇل جۈملە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇل بىلەن هەم جۈملە بولۇگى هەم جۈملە قۇرۇلمىسى تەھلىل قىلىنىدۇ. «بۇ ئۇسۇل قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش بىلەن جۈملە بولەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىشنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇل بويىچە جۈملە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىنىدۇ، لېكىن جۈملە بولەكلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ»① «بۇ ئۇسۇل هەم جۈملىنىڭ بىۋاستە تەركىپلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق مۇناسىۋىتى ۋە قاتلاملىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەچكە، كىشىلەر جۈملىنىڭ شەكلىنى ئوڭاي ئىگەللىيەلەيدۇ»② جۈملە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىمۇ جۈملە بولەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش سوزنىڭ سىنتاكسىسلىق فونكتسىيىسىنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل جۈملە بولەكلىرىنى قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلغاچقا، تەھلىل ئارقىلىق هەم جۈملىنىڭ بولەكلىرىمۇ بىلىنىۋالغىلى، هەم جۈملىدىكى سوز بىلەن سوز ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. جۈملە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن قارىغاندا، ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى جۈملىنىڭ باش بولەكلىرى، ئېنىقلىغۇچى هالەت قاتارلىقلار جۈملىنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرى دەپ قارىلىدۇ.

---

① لۇي شۇشياڭ: «خەنزۇ تىلىدىكى گىراماتىكىلىق تەھلىل قىلىش مەسىلىلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 64 ـ بەت.

② ياڭ يىن: «هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى گىراماتىكىلىق تەھلىلدىكى بەزى يۈزلىنىشلەر» «تيەنجىن پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» 1980 ـ يىل 6 ـ سان.

جۇملە ئىگە قىسىم ۋە خەۋەر قىسمىدىن تەركىپ تاپىدۇ (بەزى جۇملىلەردە تولدۇرغۇچى قىسمىمۇ بولىدۇ). ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى بولسا، ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى قىسىملارنىڭ ئاساسىي تەركىۋى يەنى مەركىزىي سوزى بولىدۇ. ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى قىسىملار ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىنىڭ كېيىگەن تەركىۋى بولىدۇ. ئېنىقلىغۇچى، هالەت بولسا، بۇ ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىدىن ئىبارەت مەركىزىي سوزنى ئېنىقلاپ، چەكلەپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان تەركىۋى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق جۇملە بولەكلىرىنىڭ قاتلام مۇناسىۋىتىنى كورۈۋالغىلى بولىدۇ:

| ئىگە قىسمى | | خەۋەر قىسمى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | تولدۇرغۇچى قىسمى | | پېيلدىن بولغان خەۋەر قىسمى | |
| ئېنىقلىغۇچى | ئىگە | ئېنىقلىغۇچى | تولدۇرغۇچى | هالەت | خەۋەر |
| | ئەركىن | | | | ئوقىدى |
| | „ „ | | كىتاپنى | | „ „ |
| | „ „ | بۇ | „ „ | | „ „ |
| | „ „ | „ | „ „ | | „ „ |
| | „ „ | „ | „ „ | قىزىقىپ | „ „ |
| ئۇكام | „ „ | „ | „ „ | „ „ | „ „ |

جۇملە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەهلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەهلىل قىلىنغان جۇملىنى قاتلاملار بويىچە تەهلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:






جۈملە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ سخېمىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولساق، جۈملىنى جۈملە بولەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كېلىپ چىققان جۈملە بولەكلىرىنىڭ قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەھلىل قىلغاندا، جۈملىنىڭ قايسى تەركىۋگە باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن:




جۈملە بولەكلىرىنى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1 - باسقۇچ: (ئالدى بىلەن جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ). ئىگە قىسمى ۋە خەۋەر قىسمى ئايرىپ چىقىرىلىدۇ. (بەزى جۈملىلەرنىڭ خەۋەر قىسـ

ىمدا تولـدۇرغۇچى بولسا، ئىگـە قىسمى ۋە خـەۋەر قىسمىنى ئايرىپ بولغاندىن كېـيىـن خـەۋەر قىسمىدىن خـەۋىرى پـېيلدىن بولغان قىسـمى ۋە تولدۇرغۇچى قىسمى ئايرىپ چىقىرىلىدۇ).

2 ـ باسقۇچ: هـەر قايىسى قىسىملارنىڭ ئاساسىي تەركىۋى (مەركىزىي سوز) يەنى ئىگە بىلەن خەۋەر ئايرىپ چىقىرىلىدۇ.

3 ـ باسقۇچ: جۈملىنىڭ ئەگەشمە بولەكلىرى ئايرىپ چىقىرىلىدۇ.

جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەر، تولـدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە هالـەت قاتارلىق جۈملە بولەكلىرىنىڭ بىرىكىشى قاتلاملىق بولۇپ، تەڭداش باغلىنىپ كەلگەن ئەمەس. تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق جۈمـلە قۇرۇلمىسىنىڭ قاتلامـلىرى ۋە ئۇنى تەهلىل قىلىش باسقۇچىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز①.

(1) ئەركىن ئوقىدى

——(II)——

ئىگە خەۋەر

(2) ئەركىن كىتابنى ئوقىدى

——(II)——

خەۋەر قىسمى

——(I)——

ئىگە تولدۇرغۇچى خەۋەر

(3) ئەركىن بۇ كىتابنى ئوقىدى

——(II)——

خەۋەر قىسمى

——(I)——

تولدۇرغۇچى قىسمى

——(<)——

ئېنىقلىغۇچى مەركىزىي سوز

ئىگە (ئېنىقلىغۇچى) تولدۇرغۇچى خەۋەر

(4) ئەركىن بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقىدى

——(II)——

خەۋەر قىسمى

——(I)——

تولدۇرغۇچى قىسمى خەۋىرى پېيلدىن بولغان قىسمى

——(<)—— ——(<)——

(I)(II) ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. (I) باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ (<) بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئالدىدىكىسى كەينىدىكىنى ئېنىقلايدۇ.

مەركىزىي سۆز      هالەت      مەركىزىي سۆز      ئېنىقلىغۇچى

خەۋەر      [هالەت]      تولدۇرغۇچى      (ئېنىقلىغۇچى)      ئىگە

(5) ئۇكام ئەركىن بۇ كىتاپنى قىزىقىپ ئوقۇدى

(I)

ئىگە قىسمى      خەۋەر قىسمى

(١)      (٢)

ئېنىقلىغۇچى مەركىزىي سۆز      تولدۇرغۇچى قىسمى      خەۋىرى پېئىلدىن بولغان قىسمى

(٢)      (٢)

مەركىزىي سۆز      هالەت      ئېنىقلىغۇچى مەركىزىي سۆز

(ئېنىقلىغۇچى) ئىگە (ئېنىقلىغۇچى) تولدۇرغۇچى [هالەت] خەۋەر

يۇقۇرىدا ئاساسلىق ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل چوڭدىن كىچىككە قەدەر بولغان قاتلام بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىگە قىسمىنىڭ ئاساسىي تەركىۋى — ئىگە، خەۋەر قىسمىنىڭ ئاساسىي تەركىۋى خەۋەر، تولدۇرغۇچى قىسمىنىڭ ئاساسىي تەركىۋى — تولدۇرغۇچى ئايرىپ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق قاتلاممۇ - قاتلام تەھلىل قىلىشتىكى مەقسەت، جۈملىنىڭ تەركىۋى بۆلەكلىرىنىڭ قاتلام مۇناسىۋەتلىرى ۋە گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەڭ ئاخىرىدا سۆزگىچە تەھلىل قىلساق، سۆز بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئېنىق كۆرۈلىدۇ.

تەھلىل قىلىش تەرتىۋى ۋە بۆلەك بەلگىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتە، يۇقۇرىدىكى قاتمۇ - قات تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى — قاتلاملارنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلماستىن، سىزىقچە، ئىسكوپكىلار بىلەن بۆلەكنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەھلىل قىلىشنىڭ نەتىجىسى كۆرسىتىلىدۇ. ئىگە ═ بەلگىسى بىلەن، خەۋەر — بەلگىسى بىلەن، تولدۇرغۇچى ~~~ بەلگىسى بىلەن، ئېنىقلىغۇچى ( ) بەلگىسى بىلەن، هالەت [ ] بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەركىن ‖ ئوقۇدى.

(2) ئەركىن ‖ كىتاپ | ئوقۇدى.

(3) ئەركىن ‖ (بۇ) كىتاپنى ئوقۇدى.

(4) ئەركىن ‖ (بۇ) كىتاپنى | [قىزىقىپ] ئوقۇدى.

(5) (ئۇكام) ئەركىن ‖ (بۇ) كىتاپنى | [قىزىقىپ] ئوقۇدى.

جۈملە بۆلەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن جۈملە بۆلەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ تەبىئى قاتلاملىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇلنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى يەنىلا ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا

ئەزبېرىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا جۈملە بۆلەكلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا مەۋجۇت بولغان بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا نۆۋەتتە تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ بىر ۋەزىپىسى جۈملە تەھلىل قىلىشنىڭ نىسبەتەن ئىلمىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. گەرچە، جۈملە بۆلەكلىرى قۇرۇلمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بەزى نۇقسانلىرى بولسىمۇ، نۆۋەتتە خەنزۇ تىلى گىراممانىكا كىتابلىرى ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بۇ ئۇسۇل ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىۋاتىدۇ ۋە ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلساق، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە تىل ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

> مېنىڭچە، ھەممە كىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا قىزىقارلىق ھەمدە پايدىلىق تۇرمۇش كەچۈرەلىشى مۇمكىن. بىز ئۆز ئۆمرىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. «مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلدىم» دەپ ئېيتالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. كىشىلەر بىزگە مۇشۇنداق تەلەپ قويۇشقا ھەقلىق ھەمدە بىز پەقەت مۇشۇنداق قىلغىنىمىزدىلا، كۈنلەرنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەلەيمىز.
>
> — كيورى خانىم
>
> ئۆمۈر دېگەن پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئۇ ھەركىم ئۈچۈن قەدىر-قىممەتلىك نەرسە. ئەمما، كىشى مۇبادا ئۆز ئۆمرىنى كۆپچىلىككە قوشۇۋەتسە، ھەر كۈنى دېگىدەك مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈن بىر نىمىلەرنى ئىشلەپ بەرسە، ئۇ ھالدا، ئۇ ھەر زامان ئۇسۇپلا تۇرىدۇ؛ گەرچە قېرىش — ئۆلۈشتىن بەربىر قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرھالدا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى — كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرى، بەربىر ئۆلمەيدۇ، ئۇ كىشىمۇ «مەڭگۈلۈك ياشلىق باھارى»غا ئېرىشەلەيدۇ.
>
> — چۈي چيۇبەي
>
> ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، تەكەببۇرلۇق ھەم يېنىكلىك كىشىلىك ھاياتىدىكى ئۈچ چوڭ يوشۇرۇن خادا تاشتۇر.
>
> — بالزاك
>
> بۇ ساندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
>
> تەرجىمە قىلغۇچى: گۈلزادە بابايېۋا

## چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 1<br>622 - 623 | | | 2<br>623 - 624 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئاي | ھەپتە | |
| 1 | 15 | 7 | 6 | 5 | 7 | 3 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ كۈنلىرى، ھەپتىسى ئوخشاش |
| 3 | 16 | 8 | 1 | 4 | 8 | 5 | |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuharrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Suəpər | 2. سەپەر |
| Rabiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rabiüssani | 4. رەبىئۇسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xəban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zulķədə | 11. زۇلقەئدە |
| Zulḩijjə | 12. زۇلھىججە |

| 53 | 261<br>874-875 | 262<br>875-876 | 263<br>876-877 | 264<br>877-878 | 265<br>878 - 879 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 16.10.7 | 6.10.5 | 24.9.2 | 13.9.6 | 3.9.4 |
| 2 | 15.11.2 | 5.11.7 | 24.10.4 | 13.10.1 | 3.10.6 |
| 3 | 14.12.3 | 4.12.1 | 22.11.5 | 11.11.2 | 1.11.7 |
| 4 | 13.1.5 | 3.1.3 | 22.12.7 | 11.12.4 | 1.12.2 |
| 5 | 11.2.6 | 1.2.4 | 20.1.1 | 9.1.5 | 30.12.3 |
| 6 | 13.3.1 | 2.3.6 | 19.2.3 | 8.2.7 | 29.1.5 |
| 7 | 11.4.2 | 31.3.7 | 20.3.4 | 9.3.1 | 27.2.6 |
| 8 | 11.5.4 | 30.4.2 | 19.4.6 | 8.4.3 | 29.3.1 |
| 9 | 9.6.5 | 29.5.3 | 18.5.7 | 7.5.4 | 27.4.2 |
| 10 | 9.7.7 | 28.6.5 | 17.6.2 | 6.6.6 | 27.5.4 |
| 11 | 7.8.1 | 27.7.6 | 16.7.3 | 5.7.7 | 25.6.5 |
| 12 | 6.9.3 | 26.8.1 | 15.8.5 | 4.8.2 | 25.7.7 |

| 54 | 266<br>879-880 | 267<br>880 - 881 | 268<br>881 - 882 | 269<br>882 - 883 | 270<br>883 - 884 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.8.1 | 12.8.6 | 1.8.3 | 21.7.7 | 11.7.5 |
| 2 | 22.9.3 | 11.9.1 | 31.8.5 | 20.8.2 | 10.8.7 |
| 3 | 21.10.4 | 10.10.2 | 29.9.6 | 18.9.3 | 8.9.1 |
| 4 | 20.11.6 | 9.11.4 | 29.10.1 | 18.10.5 | 8.10.3 |
| 5 | 19.12.7 | 8.12.5 | 27.11.2 | 16.11.6 | 6.11.4 |
| 6 | 18.1.2 | 7.1.7 | 27.12.4 | 16.12.1 | 6.12.6 |
| 7 | 16.2.2 | 5.2.1 | 25.1.5 | 14.1.2 | 4.1.7 |
| 8 | 17.3.5 | 7.3.3 | 24.2.7 | 13.2.4 | 3.2.2 |
| 9 | 15.4.6 | 5.4.4 | 25.3.1 | 14.3.5 | 3.3.3 |
| 10 | 15.5.1 | 5.5.6 | 24.4.3 | 13.4.7 | 2.4.5 |
| 11 | 13.6.2 | 3.6.7 | 23.5.4 | 12.5.1 | 1.5.6 |
| 12 | 13.7.4 | 3.7.2 | 22.6.6 | 11.6.3 | 31.5.1 |

| 55 | 271<br>884 - 885 | 272<br>885 - 886 | 273<br>886 - 887 | 274<br>887 - 888 | 275<br>888 - 889 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29.6.2 | 18.6.6 | 8.6.4 | 28.5.1 | 16.5.5 |
| 2 | 29.7.4 | 18.7.1 | 8.7.6 | 27.6.3 | 15.6.7 |
| 3 | 27.8.5 | 16.8.2 | 6.8.7 | 26.7.4 | 14.7.1 |
| 4 | 26.9.7 | 15.9.4 | 5.9.2 | 25.8.6 | 13.8.3 |
| 5 | 25.10.1 | 14.10.5 | 4.10.3 | 23.9.7 | 11.9.4 |
| 6 | 24.11.3 | 13.11.7 | 3.11.5 | 23.10.2 | 11.10.6 |
| 7 | 23.12.4 | 12.12.1 | 2.12.6 | 21.11.3 | 9.11.7 |
| 8 | 22.1.6 | 11.1.3 | 1.1.1 | 21.12.5 | 9.12.2 |
| 9 | 20.2.7 | 9.2.4 | 30.1.2 | 19.1.6 | 7.1.3 |
| 10 | 22.3.2 | 11.3.6 | 1.3.4 | 18.2.1 | 6.2.5 |
| 11 | 20.4.3 | 9.4.7 | 30.3.5 | 18.3.2 | 7.3.6 |
| 12 | 20.5.5 | 9.5.2 | 29.4.7 | 17.4.4 | 6.4.1 |

| 56 | 276<br>889 - 890 | 277<br>890 - 891 | 278<br>891 - 892 | 279<br>892 - 893 | 280<br>893 - 894 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6.5.3 | 25.4.7 | 15.4.5 | 3.4.2 | 23.3.6 |
| 2 | 5.6.5 | 25.5.2 | 15.5.7 | 3.5.4 | 22.4.1 |
| 3 | 4.7.6 | 23.6.3 | 13.6.1 | 1.6.5 | 21.5.2 |
| 4 | 3.8.1 | 23.7.5 | 13.7.3 | 1.7.7 | 20.6.4 |
| 5 | 1.9.2 | 21.8.6 | 11.8.4 | 30.7.1 | 19.7.5 |
| 6 | 1.10.4 | 20.9.1 | 10.9.6 | 29.8.3 | 18.8.7 |
| 7 | 30.10.5 | 19.10.2 | 9.10.7 | 27.9.4 | 16.9.1 |
| 8 | 29.11.7 | 18.11.4 | 8.11.2 | 27.10.6 | 16.10.3 |
| 9 | 28.12.1 | 17.12.5 | 7.12.3 | 25.11.7 | 14.11.4 |
| 10 | 27.1.3 | 16.1.7 | 6.1.5 | 25.12.2 | 14.12.6 |
| 11 | 25.2.4 | 14.2.1 | 4.2.6 | 23.1.3 | 12.1.7 |
| 12 | 27.3.6 | 16.3.3 | 5.3.1 | 22.2.5 | 11.2.2 |

| 57 | 281<br>894 - 895 | 282<br>895 - 896 | 283<br>896 - 897 | 284<br>897 - 898 | 285<br>898 - 899 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13.3.4 | 2.3.1 | 19.2.5 | 8.2.3 | 28.1.7 |
| 2 | 12.4.6 | 1.4.3 | 20.3.7 | 10.3.5 | 27.2.2 |
| 3 | 11.5.7 | 30.4.4 | 18.4.1 | 8.4.6 | 28.3.3 |
| 4 | 10.6.2 | 30.5.6 | 18.5.3 | 8.5.1 | 27.4.5 |
| 5 | 9.7.3 | 28.6.7 | 16.6.4 | 6.6.2 | 26.5.6 |
| 6 | 8.8.5 | 28.7.2 | 16.7.6 | 6.7.4 | 25.6.1 |
| 7 | 6.9.6 | 26.8.3 | 14.8.7 | 4.8.5 | 24.7.2 |
| 8 | 6.10.1 | 25.9.5 | 13.9.2 | 3.9.7 | 23.8.4 |
| 9 | 4.11.2 | 24.10.6 | 12.10.3 | 2.10.1 | 21.9.5 |
| 10 | 4.12.4 | 23.11.1 | 11.11.5 | 1.11.3 | 21.10.7 |
| 11 | 2.1.5 | 22.12.2 | 10.12.6 | 30.12.4 | 19.11.1 |
| 12 | 1.2.7 | 21.1.4 | 9.1.1 | 30.12.6 | 19.12.3 |

| 58 | 286<br>899 | 287<br>900 | 288<br>900 - 901 | 289<br>901 - 902 | 290<br>902 - 903 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 17.1.4 | 7.1.2 | 26.12.6 | 16.12.4 | 5.12.1 |
| 2 | 16.2.6 | 6.2.4 | 25.1.1 | 15.1.6 | 4.1.3 |
| 3 | 17.3.7 | 6.3.5 | 23.2.2 | 13.2.7 | 2.2.4 |
| 4 | 16.4.2 | 5.4.7 | 25.3.4 | 15.3.2 | 4.3.6 |
| 5 | 15.5.3 | 4.5.1 | 23.4.5 | 13.4.3 | 2.4.7 |
| 6 | 14.6.5 | 3.6.3 | 23.5.7 | 13.5.5 | 2.5.2 |
| 7 | 13.7.6 | 2.7.4 | 21.6.1 | 11.6.6 | 31.5.3 |
| 8 | 12.8.1 | 1.8.6 | 21.7.3 | 11.7.1 | 30.6.5 |
| 9 | 10.9.2 | 30.8.7 | 19.8.4 | 9.8.2 | 29.7.6 |
| 10 | 10.10.4 | 29.9.2 | 18.9.6 | 8.9.4 | 28.8.1 |
| 11 | 8.11.5 | 28.10.3 | 17.10.7 | 7.10.5 | 26.9.2 |
| 12 | 8.12.7 | 27.11.5 | 16.11.2 | 6.11.7 | 26.10.4 |

| 59 | 291<br>903 - 904 | 292<br>904 - 905 | 293<br>905 - 906 | 294<br>906 - 907 | 295<br>907 - 908 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24.11.5 | 13.11.3 | 2.11.7 | 22.10.4 | 12.10.2 |
| 2 | 24.12.7 | 13.12.5 | 2.12.2 | 21.11.6 | 11.11.4 |
| 3 | 22.1.1 | 11.1.6 | 31.12.3 | 20.12.7 | 10.12.5 |
| 4 | 21.2.3 | 10.2.1 | 30.1.5 | 19.1.2 | 9.1.7 |
| 5 | 21.3.4 | 11.3.2 | 28.2.6 | 17.2.3 | 7.2.1 |
| 6 | 20.4.6 | 10.4.4 | 30.3.1 | 19.3.5 | 8.3.3 |
| 7 | 19.5.7 | 9.5.5 | 28.4.2 | 17.4.6 | 6.4.4 |
| 8 | 18.6.2 | 8.6.7 | 28.5.4 | 17.5.1 | 6.5.6 |
| 9 | 17.7.3 | 7.7.1 | 26.6.5 | 15.6.2 | 4.6.7 |
| 10 | 16.8.5 | 6.8.3 | 26.7.7 | 15.7.4 | 4.7.2 |
| 11 | 14.9.6 | 4.9.4 | 24.8.1 | 13.8.5 | 2.8.3 |
| 12 | 14.10.1 | 4.10.6 | 23.9.3 | 12.9.7 | 1.9.5 |

| 60 | 296<br>908 - 909 | 297<br>909 - 910 | 298<br>910 - 911 | 299<br>911 - 912 | 300<br>912 - 913 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30.9.6 | 20.9.4 | 9.9.1 | 29.8.5 | 18.8.3 |
| 2 | 30.10.1 | 20.10.6 | 9.10.3 | 28.9.7 | 17.9.5 |
| 3 | 28.11.2 | 18.11.7 | 7.11.4 | 27.10.1 | 16.10.6 |
| 4 | 28.12.4 | 18.12.2 | 7.12.6 | 26.11.3 | 15.11.1 |
| 5 | 26.1.5 | 16.1.3 | 5.1.7 | 25.12.4 | 14.12.2 |
| 6 | 25.2.7 | 15.2.5 | 4.2.2 | 24.1.6 | 13.1.4 |
| 7 | 26.3.1 | 16.3.6 | 5.3.3 | 22.2.7 | 11.2.5 |
| 8 | 25.4.3 | 15.4.1 | 4.4.5 | 23.3.2 | 13.3.7 |
| 9 | 24.5.4 | 14.5.2 | 3.5.6 | 21.4.3 | 11.4.1 |
| 10 | 23.6.6 | 13.6.4 | 2.6.1 | 21.5.5 | 11.5.3 |
| 11 | 22.7.7 | 12.7.5 | 1.7.2 | 19.6.6 | 9.6.4 |
| 12 | 21.8.2 | 11.8.7 | 31.7.4 | 19.7.1 | 9.7.6 |

| 61 | 301<br>913 - 914 | 302<br>914 - 915 | 303<br>915 - 916 | 304<br>916 - 917 | 305<br>917 - 918 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7.8.7 | 27.7.4 | 17.7.2 | 5.7.6 | 24.6.3 |
| 2 | 6.9.2 | 26.8.6 | 16.8.4 | 4.8.1 | 24.7.5 |
| 3 | 5.10.3 | 24.9.7 | 14.9.5 | 2.9.2 | 22.8.6 |
| 4 | 4.11.5 | 24.10.2 | 14.10.7 | 2.10.4 | 21.9.1 |
| 5 | 3.12.6 | 22.11.3 | 12.11.1 | 31.10.5 | 20.10.2 |
| 6 | 2.1.1 | 22.12.5 | 12.12.3 | 30.11.7 | 19.11.4 |
| 7 | 31.1.2 | 20.1.6 | 10.1.4 | 29.12.1 | 18.12.5 |
| 8 | 2.3.4 | 19.2.1 | 9.2.6 | 28.1.3 | 17.1.7 |
| 9 | 31.3.5 | 20.3.2 | 9.3.7 | 26.2.4 | 15.2.1 |
| 10 | 30.4.7 | 19.4.4 | 8.4.2 | 28.3.6 | 17.3.3 |
| 11 | 29.5.1 | 18.5.5 | 7.5.3 | 26.4.7 | 15.4.4 |
| 12 | 28.6.3 | 17.6.7 | 6.6.5 | 26.5.2 | 15.5.6 |

| 62 | 306<br>918 - 919 | 307<br>919 - 920 | 308<br>920 - 921 | 309<br>921 - 922 | 310<br>922 - 923 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14.6.1 | 3.6.5 | 23.5.3 | 12.5.7 | 1.5.4 |
| 2 | 14.7.3 | 3.7.7 | 22.6.5 | 11.6.2 | 31.5.6 |
| 3 | 12.8.4 | 1.8.1 | 21.7.6 | 10.7.3 | 29.6.7 |
| 4 | 11.9.6 | 31.8.3 | 20.8.1 | 9.8.5 | 29.7.2 |
| 5 | 10.10.7 | 29.9.4 | 18.9.2 | 7.9.6 | 27.8.3 |
| 6 | 9.11.2 | 29.10.6 | 18.10.4 | 7.10.1 | 26.9.5 |
| 7 | 8.12.3 | 27.11.7 | 16.11.5 | 5.11.2 | 25.10.6 |
| 8 | 7.1.5 | 27.12.2 | 16.12.7 | 5.12.4 | 24.11.1 |
| 9 | 5.2.6 | 25.1.3 | 14.1.1 | 3.1.5 | 23.12.2 |
| 10 | 7.3.1 | 24.2.5 | 13.2.3 | 2.2.7 | 22.1.4 |
| 11 | 5.4.2 | 24.3.6 | 14.3.4 | 3.3.1 | 20.2.5 |
| 12 | 5.5.4 | 23.4.1 | 13.4.6 | 2.4.3 | 22.3.7 |

# شىنجاڭ داشۆې ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

پەسىللىك ژورنال

1983 - يىل 2 - سان

(ئومۇمى 14 - سان)



تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيى (فىيكفى فوتوسى)


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆې ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ 7220 - زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ژورناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكا نومۇرى: 0·46

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58
باھاسى: 0·40 يۈەن